

# تەجۋىد دەرسلىكى

# جمال القرآن

مؤلف: حكيم الأمة مولانا حافظ قارى شاه محمد اشرف علي صاحب تھانوي
معه حواشى جديدة للأستاذ المقرئ فضيلة الشيخ إظهار أحمد التهانوي



تەجۋىد دەرسلىكى
جمال القرآن

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ: «خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرآنَ وَعَلَّمَهُ» «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى، قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# جمال القرآن

## (تەجۋىد دەرسلىكى)

مۇئەللىف: ئەشرەف ئەلى تەھانەۋى
شەرھىلىگۈچى: ئىزھار ئەھمەد تەھانەۋى

**محمد ﷺ**

↑

عليٌّ بن أبي طالب

↑

أبو عبد الرَّحمن السُّلَمي

↑

عاصم بن أبي النَّجود

↑

**حفصُ بن سليمان**

# تەرجىماندىن

بۇ كىتاب پەرۋەردىگارىمنىڭ ياردىمى، ئىلھامى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن مۇشۇ ھالەتكە كەلدى. بۇ خىزمىتىم پەرۋەردىگارىمنىڭ كەمىنىگە بەرگەن ئىلمىدىن ئىبارەت زور نېئمىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ناۋادا مەزكۇر كىتابتىكى تەجۋىد قائىدىلىرىدە مەسىلە بايقالسا، ئۇ مەندىكى سەھۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قولىڭىزدىكى بۇ «جمال القرآن» بولسا، «دۇيۇبەند» ئىجتىھاد مەركەزلىرىدىكى مەشھۇر دەرسلىك بولۇپ، بۇنىڭ مۇئەللىفى ئەشرەف ئەلى تەھانەۋى ھىندىستان ۋە پاكىستاندا «مۇجەددىد ئەلف سانى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شەخستۇر.

ـــ تەرجىمان.

ھ 1423 ـ يىلى زۇلقەئدىنىڭ 25 ـ كۈنى.




يَا مَنْ يَرٰى مَا فِى الضَّمِيْرِ وَيَسْمَعُ * أَنْتَ الْمُعِدُّ لِكُلِّ مَا يُتَوَقَّعُ
يَا مَنْ يُرَجّٰى لِلشَّدَائِد كُلِّهَا * يَا مَنْ إِلَيْه الْمُشْتَكٰى وَالْمَفْزَعُ
يَا مَنْ خَزَائِنُ رِزْقِه فِى قَوْلِ كُنْ * أُمْنُنْ فَإِنَّ الْخَيْرَ عِنْدَكَ أَجْمَعُ
مَالِى سِوٰى فَقْرِى إِلَيْكَ وَسِيْلَةٌ * فَبِالْإِفْتِقَارِ إِلَيْكَ رَبِّى أَضْرَعُ
مَالِى سِوٰى قَرْعِي لِبَابِكَ حِيْلَةٌ * فَلَئِنْ رَدَدْتَ فَأَيَّ بَابٍ أَقْرَعُ
وَمَنِ الَّذِى أَدْعُوْ وَ أَهْتِفُ بِاسْمِه * إِنْ كَانَ فَضْلُكَ عَنْ فَقِيْرِكَ يُمْنَعُ
حَاشَا لِجُوْدِكَ أَنْ تُقَنِّطَ عَاصِيًا * فَالْفَضْلُ أَجْزَلُ وَالْمَوَاهِبُ أَوْسَعُ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرىسى

# مۇندەرىجە

«قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىشنىڭ ۋە تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ پەزىلىتى ........................................ 1
«قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىشتىكى ئەدەب-قائىدە...... 3
بىرىنچى دەرس تەجۋىد توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە..... 5
ئىككىنچى دەرس لَحْنٍ توغرىسىدا ............................ 6
ئۈچىنچى دەرس «أَعُوْذُ - بِسْمِ ٱللَّهِ» توغرىسىدا............. 8
تۆتىنچى دەرس مَخَارِجُ الْحُرُوْفِ (ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرى) توغرىسىدا........................................ 9
بەشىنچى دەرس صِفَاتُ الْحُرُوْفِ (ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى) توغرىسىدا........................................ 18
ئالتىنچى دەرس صفات عارضة توغرىسىدا................ 28
يەتتىنچى دەرس «لام»غا دائىر قائىدىلەر................. 29
سەككىزىنچى دەرس «راء»گە دائىر قائىدىلەر............. 30
توققۇزىنچى دەرس تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «ميم»غا دائىر قائىدىلەر........................................ 37
ئونىنچى دەرس تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «نون»غا دائىر قائىدىلەر........................................ 40
ئون بىرىنچى دەرس مەد ھەرپلىرىگە دائىر قائىدىلەر..... 44

ئون ئىككىنچى دەرس ھەمزە (ء)گە دائىر قائىدىلەر..... 55
ئون ئۈچىنچى دەرس وقفگە دائىر قائىدىلەر.......... 56
ئون تۆتىنچى دەرس مۇھىم نۇقتىلار.............. 63
خاتىمە.............................. 72
ئىزاھات.............................. 73

## قوشۇمچە: مَا يَتَعَلَّقُ بِالْقِرَاءَةِ وَزَلَّةِ الْقَارِي

نەپەس ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئايەت ياكى كەلىمىنى تەكرار ئوقۇشـ ـنىڭ ھۆكمى .............................. 87
ئۈزۈن ئايەتنى نامازدا ئۈچ رەكئەتكە بۆلۈپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى... 87
﴿ٱلْمُجْرِمِينَ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى.............................. 88
نامازدا «سۈرە تەۋبە»نىڭ بېشىدا «اَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ النَّارِ»نى ئوقۇشـ ـنىڭ ھۆكمى .............................. 89
﴿خَيْرًا يَرَهُۥ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرًّا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى... 89
﴿أَلْقِيَا فِى جَهَنَّمَ كُلَّ﴾دىكى ﴿كُلَّ﴾نى پەش ئوقۇغاننىڭ ھۆكمى... 90
«ص»نى «س» ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى.............. 90
﴿مُسْلِمِينَ﴾نى ﴿مُسْرِفِينَ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى.......... 91
﴿لَوْلَا﴾نى تەكرار ئوقۇپ قويۇشنىڭ ھۆكمى.............. 91
﴿مِن مَّكَانٍ قَرِيبٍ﴾نى ﴿قَرِيبًا﴾ دەپ زەبەرلىك ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى.............................. 92
﴿أَكِيدُ كَيْدًا﴾نى ﴿يَكِيدُ كَيْدًا﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى... 93



﴿خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ﴾نى ﴿شَرُّ ٱلْبَرِيَّةِ﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى .... 93
﴿ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا۟﴾دا ۋەقفە قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ﴿يَتُوبُوا۟﴾ دەپ ئوقۇپ كېتىشنىڭ ھۆكمى .............. 94
﴿فَأَمَّا مَنْ ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ﴾دىن كېيىن ﴿فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٌ﴾نى ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى .............. 94
﴿مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ﴾نىڭ كەينىگە «عَلَى اللّٰهِ»نى قوشۇشنىڭ ھۆكمى... 95
﴿يَوْمَ تَشَقَّقُ ٱلْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرًّا﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى... 96
«سۈرە بەقەرە»نىڭ ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟﴾ دېگەن ئايىتىنى تاشلىۋېتىپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى .............. 97
﴿لَا يَمْلِكُونَ مِنْهُ ‹إِلَّا› خِطَابًا﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.......... 98
بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ناس»نى ئوقۇسا، ئىككىنچى رەكـ ـئەتتە قايسى سۈرىنى ئوقۇش توغرىسىدا.............. 98
﴿وَصَدَّقَ بِٱلْحُسْنَىٰ﴾دا ۋەقفە قىلغاندىن كېيىن، ﴿فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْعُسْرَىٰ﴾دىن باشلاپ ئوقۇپ كېتىشنىڭ ھۆكمى .......... 99
بىرىنچى رەكئەتتە ﴿أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يَنْهَىٰ﴾دا توختاپ، كېيىنكى رەكئەتتە ﴿عَبْدًا إِذَا صَلَّىٰٓ﴾دىن باشلاپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى .. 100
سەكسەن ساھابىدىن «ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ قىرائەت قىـ ـلىشى»نىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى نەقلى قىلىندى...... 101
ھەر رەكئەتتە ھەرخىل سۈرىدىن ئاز-ئازدىن ئوقۇغاننىڭ ھۆكمى... 102
بالىغە ئايالنىڭ جەھرەن قىرائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى....... 102
﴿لَا يَتَمَنَّوْنَهُۥٓ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿وَلَن يَتَمَنَّوْهُ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.... 103
گاس-گاچا نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟.............. 103
«قۇرئان كەرىم»نى نۆۋەتتىكى تەرتىپىگە قەستەن خىلاپ ئوقۇشـ ـنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا.............. 104

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«سۈرە فاتىھە»دە ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾نى تەرك ئەتـ ـكەندىكى نامازنىڭ ھۆكمى ............................ 104
بىر رەكئەتنى بىر خىل قىرائەتتە، يەنە بىر رەكئەتنى يەنە بىر خىل قىرائەتتە ئوقۇغانلىقنىڭ ھۆكمى .................... 105
﴿لِيَفْجُرَ أَمَامَهُۥ﴾نى «لِيُفْجِرَ» ئوقۇشنىڭ ھۆكمى .............. 106
بىرىنچى رەكئەتتىن باشقا رەكئەتلەردىمۇ نېمە ئۈچۈن «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دېيىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا .................... 107
نامازدا سەھۋەن تەرتىپكە خىلاپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ......... 108
﴿يسٓ ۝١﴾دىن ﴿ٱلْمُرْسَلِينَ﴾غىچە ئوقۇش بىلەن ۋاجىب قىرائەت ئادا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا............................ 108
﴿أَحَدٌ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا... 109
﴿أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا۟﴾نى ﴿لِيَرَوْا۟﴾ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ................. 109
﴿رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ۝١ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى ................................................. 110

بۇ كىتابنىڭ بېسىش ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ. بېسىش ۋە تارقىتىش شارائىتى بار كىشىلەرنىڭ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا بېسىشى ۋە تارقىتىشىغا رۇخسەتتۇر.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُۥٓ﴾

# «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىشنىڭ ۋە تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ پەزىلىتى

الله تعالى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ﴾«بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار. ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ»①.

ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرآنَ وَعَلَّمَهُ» (سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى، قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر)②.

---

① سۈرە بەقەرە 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەزرىتى ئائىشە ﵂ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اَلْمَاهِرُ بِالْقُرْآنِ مَعَ السَّفَرَةِ الْكِرَامِ الْبَرَرَةِ وَالَّذِىْ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَيَتَتَعْتَعُ فِيْهِ وَهُوَ عَلَيْهِ شَاقٌّ لَهُ أَجْرَانِ» (قۇرئان ئوقۇشقا ئۇستا كىشى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەردىن بولغان پۈتۈكچىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قانداق بىر كىشى قۇرئاننى كېكەچلەپ تەسلىكتە ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجرى بېرىلىدۇ)[1].

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا لَا أَقُوْلُ الم حَرْفٌ وَلٰكِنْ اَلِفٌ حَرْفٌ وَلَامٌ حَرْفٌ وَمِيْمٌ حَرْفٌ» (كىمكى الله تعالىنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ياخشى ئىشتىن بىرىنى بەجا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە كۆپەيتىپ ئەجرى بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف لام مىيم›نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ ۋە ‹مىم› بىر ھەرپتۇر)[2].

ھەزرىتى مۇئاز جۇھەنى ﵁ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: (مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ وَعَمِلَ بِمَا فِيْهِ أُلْبِسَ وَالِدَاهُ تَاجًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ ضَوْئُهُ اَحْسَنُ مِنْ ضَوْءِ الشَّمْسِ فِىْ بُيُوْتِ الدُّنْيَا لَوْ كَانَتْ فِيْكُمْ فَمَا ظَنُّكُمْ بِالَّذِىْ عَمِلَ بِهٰذَا» (كىمكى قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەھكامىغا ئەمەل قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىيامەت كۈنى دۇنيا ئۆيلىرىگە چۈشكەن قۇياش نۇرىدىنمۇ ئۈتكۈر نۇرلۇق تاج كىي-

① بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.



-دۈرۈلىدۇ. ئەگەر قۇياش سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە بولسا، ئۇ قانچە يورۇق قىلىۋېتەر! قۇرئانغا ئەمەل قىلغان كىشىگە نېمە گۇمانىڭلار بار؟ (يەنى ئاراڭلاردىكى قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى بىر نۇردۇر)[1].

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ﵄ رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اِنَّ الَّذِىْ لَيْسَ فِىْ جَوْفِهٖ شَيْءٌ مِنَ الْقُرْآنِ كَالْبَيْتِ الْخَرِبِ» (قانداق بىر كىشىنىڭ قورسىقىدا قۇرئاندىن ھېچ نەرسە بولمىسا، ئۇ كىشى ۋەيرانە بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ)[2].

## «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىشتىكى ئەدەب ـ قائىدە

نىجاتكار بەندىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلماقچى بولغان كىشى تۆۋەندىكى ئەدەب ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى لازىم:

1. مىسۋاك قىلىپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، پاك كىيىنىپ خالىي جايدا قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا، دىل ـ ھوزۇر بىلەن تىلاۋەت قىلىش، گويا بۇ كالامنى ھەق تائالاغا ئاڭلىتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشى لازىم.

① بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
② بۇنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2. «قۇرئان كەرىم»نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشى ۋە ئۆگىتىشى لازىم. چۈنكى، ئىخلاس بولسا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. ئۇنداق بولغانىكەن، «قۇرئان كەرىم»نى مال-دۇنياغا ئېرىشىش، نام-ئابرۇي تېپىش ياكى ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش دېگەندەك رەزىل نىيەتتە ئۆگەنمەسلىك ۋە ئۆگەتمەسلىك لازىم.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇن-مەقسەتلىرىنى توغرا، تولۇق چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم. بۇ تەرتىل بىلەن ئوقۇغاندا ھاسىل بولىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا تىلاۋەت قىلىش لازىم، يەنى ئۇ ھالال دېگەننى ھالال بىلىپ، ھارام دېگەننى ھارام بىلىش بىلەن بىرگە، قانداق نازىل قىلىنغان بولسا، شۇنىڭ ئۆز ئەينىنى ئوقۇش كېرەكتۇر. بۇ تەجۋىد بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»نى ناھايىتى مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئوقۇش لازىم. مۇنداق ئوقۇش بولسا «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.



بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

## بىرىنچى دەرس تەجۋىد توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

تەجۋىدنىڭ لۇغەت مەنىسى «ياخشىلىماق» دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنىسى بولسا، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا تۆرلۈك تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، ھەر بىر ھەرپىنى ئۆز مەخرىجىدىن چىقىرىپ، سۈپەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش دېگەنلىكتۇر[1].

[1] بۇ بولسا ئەڭ ئىخچام ئۇقۇم بولۇپ، بۇ يەن ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ھەرپلەرنى ئۆز مەخرەجلىرىدىن چىقىرىش. يەنە بىرى ئۇنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداش. دېمەك، مەخرەج ھەرپىنىڭ تارازىسىغا ئوخشىسا، سۈپەت ھەرپىنىڭ كەيفىيتىنى ساپلاشتۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە ئەلەمۇددىن سەخاۋى ﷺ مۇنداق دەيدۇ:

لِلْحَرْفِ مِيْزَانٌ فَلَا تَكُ طَاغِيًا * فِيْهِ وَلَا تَكُ مُخْسِرَ الْمِيْزَانِ

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، «وقف»گە ئائىت باب تەجۋىد پەنىدىن ئايرىم تۈرىدىغان باشقا پەندۇر. لېكىن ئۇنىڭ تەجۋىدكە يەنىلا چوڭقۇر ئالاقىسى بار.
بۇمۇ مەلۇم بولدىكى، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئوقۇشمۇ تەجۋىد پېنىغا قاراشلىق بولمىغان بىر ئىشتۇر.

تەجۋىدنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى مەخسۇس «قۇرئان كەرىم» كەلىمىلىرىدۇر.

تەجۋىدنىڭ مەقسىتى تىلنى «قۇرئان كەرىم»نى خاتا ئوقۇشتىن ساقلاپ، الله تعالىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تەجۋىد ئۇلۇم شەرئىييەگە مەنسۇپ بىر پەندۇر.

تەجۋىدنىڭ مەنبەئى الله تعالى تەرىپىدىندۇر.

الله تعالىنىڭ ﴿وَرَتِّلِ ٱلْقُرْءَانَ تَرْتِيلاً ۝٤﴾ دېگەن پەرمانىغا ئاساسەن، تەجۋىدكە رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر.

## ئىككىنچى دەرس لَحْن توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسىگە خىلاپ، ياكى خاتا، ياكى قائىدىسىز ئوقۇش لَحْن دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، بىر ھەرىپنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ھەرىپنى ئوقۇپ سېلىش. مەسىلەن: ﴿ٱلْحَمْدُ﴾نىڭ ئورنىدا «اَلْهَمْدُ»، «ث»نىڭ ئورنىدا «س»، «ح»نىڭ ئورنىدا «ه»، «ذ»نىڭ ئورنىدا «ز»، «ص»نىڭ ئورنىدا «س»، «ض»نىڭ ئورنىدا «د» ياكى «ظ»، «ظ»نىڭ ئورنىدا «ز»، «ع»نىڭ ئورنىدا ھەمزە (ء) ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش؛ ياكى ھەرىكەتنى زىيادە سوزۇپ ئوقۇپ، مەد ھەرپىي پەيدا قىلىپ قويۇش. مەسىلەن: ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ﴾دىكى



«دال»نىڭ پېشىنى ۋە «ه»نىڭ زىرىنى سوزۇپ «اَلْحَمْدُوْ لِلّهِــىْ» دەپ ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش؛ ياكى مەد ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قويۇش. مەسىلەن: ﴿لَمْ يُولَدْ﴾تىكى «واو»نى تاشلىۋېتىپ، «لَمْ يُلَدْ» دەپ ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش؛ زىر، زەبەر، پېش، سۇكۇن قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ئوقۇپ قويۇش. مەسىلەن: ﴿إِيَّاكَ﴾دىكى «كاف»نى زىر، ﴿اَهْدِنَا﴾دىكى «ه»نىڭ ئالدىنى «اَهْدِنَا» دەپ زەبەر، ﴿أَنْعَمْتَ﴾دىكى «ميم»نىڭ سۇكۇننى «اَنْعَمَــتَ» دەپ ھەرىكەتلىك ئوقۇپ سالغانغا ئوخشاش؛ ياكى مۇشۇلارغا ئوخشىغان قىسمەن خاتالىقلاردۇر. بۇ، ئاشكارا لَحْن[①] دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشكارا لَحْن ھارامدۇر. بەزى جايدا بۇنىڭ بىلەن كەلىمىنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئۆزگەرمىسىلا ناماز يەنە دۇرۇس بولىۋېرىدۇ[②].

① دېمەك، ئاشكارا لحنگە تۆت خىل ھالەت بار: 1) ھەرپىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش. 2) ھەرپ قوشۇپ قويۇش. 3) ھەرپ چۈشۈرۈپ قويۇش. 4) ھەرىكەت ۋە سۇكۇننى خاتا ئوقۇپ سېلىش.

بىر ھەرپنىڭ يەنە بىر ھەرپكە ئۆزگىرىپ كېتىشى بەزىدە مەخرەج ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: «حا»نىڭ ئورنىدا «ها» ياكى «خا» ئوقۇش. بەزىدە صفات لَازِمَه مُمَيِّزة ئۆزگىرىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ص»نىڭ «س»غا ئۆزگىرىپ كەتكىنىدەك. ئاشكارا لحننىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھالىتىنىڭ ھاسىلى بۇ بولىدىكى، ئاشۇرىۋېتىش ۋە كېمەيتىۋېتىش ئىككىلىسى ئاشكارا لحن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا قىسمەن تەشدىدلىكنى تەشدىدسىز ئوقۇش (بۇ كېمەيتكەنلىك) ياكى قىسمەن تەشدىدسىزلىكنى تەشدىدلىك ئوقۇش (بۇ ئاشۇرغانلىق)مۇ كىرىدۇ.

② ئاشكارا لحن سەۋەبلىك «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىدە بۇزۇقلۇق كۆرۈلگەندە، ئاندىن ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، مۇئەللىف ھەزرەت بۇ يەردە فىقھى

يەنە بىرى، يۇقىرىقىدەك خاتالىقلار كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن ھەرپلەرنىڭ گۈزەللىكىگە دەخلى قىلىش (قائىدىگە خىلاپ ئوقۇش)تۇر①. مەسىلەن: «ر» زەبەرلىك ياكى پېشلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىنچىكە ئوقۇپ قويۇش. ﴿ٱلصِّرَٰطَ﴾دىكى «ر»نى ئىنچىكە ئوقۇپ قويغانغا ئوخشاش. ئەسلىدە بۇنداق ھالەتتە «ر» توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇلاتتى. بۇ، يوشۇرۇن لەھن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى ئاشكارا لەھنىڭكىدىن يەڭگىلراق، يەنى مەكرۇھتۇر. لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ ساقلىنىش زۆرۈر.

## ئۈچىنچى دەرس «أَعُوذُ ـ بِسْمِ ٱللَّهِ» توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم» ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» دېيىش زۆرۈر②.

ھەر بىر سۈرىنىڭ بېشىدا، ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىش زۆرۈر③.

---

مەسىلىلىرىدىكى نۇرغۇن سوئاللارنىڭ يېشىلىپ كېتىشىگە دائىر بىر جامىئ سۆز يازغان.

① بۇ قائىدىلەردىن صفة عارضة (نىسبىي سۈپەت) كۆزدە تۇتۇلىدۇ (بۇ كېيىن بايان قىلىنىدۇ).

② بۇ زۆرۈرلۈك (ۋاجىبلىق)، قارىلار ياكى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا شۇنداق. ئەمما، شەرئىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مۇستەھەبتۇر.

③ لېكىن، «سۈرە تەۋبە»نىڭ بېشىدا ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىلمەيدۇ.



ئەگەر، تىلاۋەتنى سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلىماقچى بولسا، تىلاۋەتتىن بۇرۇن «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» ۋە ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ ـــــ ئىككىلىسىنى دېيىش زۆرۈر.

ئەگەر، بىرەر سۈرىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئوقۇماقچى بولسا، تىلاۋەتتىن بۇرۇن «أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» دېيىش زۆرۈر. ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىش ياخشى، ئەمما زۆرۈر ئەمەس.

ئەگەر بىر سۈرىنى ئوقۇپ كېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرىغا كەلگەندە، شۇ سۈرىنى قايتا باشتىن باشلىماقچى ياكى باشقا بىر سۈرىگە يۆتكەلمەكچى بولسا، سۈرىنىڭ بېشىدا يەنىلا ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىش زۆرۈردۇر①.

## تۆتىنچى دەرس مَخَارِجُ الْحُرُوْفِ (ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرى) توغرىسىدا

تاۋۇش ئورگانلىرىدىكى ھەرپ چىقىدىغان ئورۇنلار ـــــ مەخرەج دېيىلىدۇ.

---

① ئاسان ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، بۇلار مۇنداق ئۈچ ھالەتكە يىغىنچاقلىنىدۇ: 1) تىلاۋەتنى سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاش. 2) تىلاۋەتنى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاش. 3) سۈرىنى تىلاۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاش.

بۇ ئۈچ ھالەتنىڭ ھۆكمى شۇكى، بىرىنچىسىدە «أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» ۋە ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ ـــــ ئىككىلىسىنى دېيىش زۆرۈر. ئىككىنچىسىدە «أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» دېيىش زۆرۈر، ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾دا ئىختىيارلىق بار. ئۈچىنچىسىدە پەقەت ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دېيىشلا زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەخرەج جەمئىي ئون يەتتە ئورۇندۇر:

1. جَوْف (ئېغىز بوشلۇقى): بۇ ئورۇندىن چىقىدىغان ھەرپلەر ــــ پىشلىك ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ساكىنلىق «واو». مەسىلەن: ﴿ اَلْمَغْضُوْبِ﴾. زىرلىك ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ساكىنلىق «ياء». مەسىلەن: ﴿نَسْتَعِيْنُ ﴾. زەبەرلىك ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ساكىنلىق «الف». مەسىلەن: ﴿صِرَاط﴾.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ﴿ ٱلْحَمْدُ ﴾غا ئوخشاشلارنىڭ بېشىدىكى ھەمزە①نى ياكى «بَأْسٌ»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمزىنىمۇ «الف» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇلارنى «الف» دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشاشلار «الف» دېيىلمەي، «ھەمزە» دېيىلىدۇ.

«الف»، «واو»، «ياء»دىن ئىبارەت مەزكۇر ئۈچ ھەرپ ــــ حُرُوف مدّ ياكى حروف هَوَائِيّةمۇ دېيىلىدۇ. مۇنداق ئاتىلىشىدىكى

① بىلىش كېرەككى، ھەرىكەتلىك ئوقۇلغان «اَ اِ اُ»، ساكىنلىق ئوقۇلغان «بَأْ بِئْ بُؤْ»لاردىكى «الف»، «ياء»، «واو»لار ــــ ھەمزە دېيىلىدۇ.

مەخرەجگە ئايرىشتا يېزىقتا قارالمايدۇ، بەلكى ھەرپىنىڭ تاۋۇشىغا قارىلىدۇ. «ھەمزە» بىلەن «الف»نىڭ پەرقى شۇكى، ھەمزە ساكىنلىق بولسۇن، مەيلى ھەرىكەتلىك بولسۇن كېمەيتىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش. «الف» بولسا داۋاملىق يۇمشاقلىق بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىپ، ھەمىشە ئالدى تەرەپ زەبەرلىك، ئۆزى ساكىنلىق بولۇپ كېلىدۇ، «با تا ثا جا حا خا...» قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرىدىكى «الف»قا ئوخشاش.

بۇلارنى يېزىقتىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، يەنى «الف»قا سۇكۇن ياكى ھەرىكەت قويۇلمايدۇ؛ ھەمزىگە سۇكۇن ياكى ھەرىكەت قويۇلىدۇ.



سەۋەب، مەلۇم شەرتلەر ھازىرلانغاندا، بۇ ھەرپلەردە مەد بولىدۇ ھەمدە ئېغىز بوشلۇقىدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

زەبەرلىك ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ساكىنلىق «واو» ــــ واو لِين دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مِّنْ خَوْفٍ﴾، ﴿ظَنَّ ٱلسَّوْءِ﴾. زەبەرلىك ھەرپىنىڭ كەينىدىكى ساكىنلىق «ياء» ــــ ياء لىين دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱلصَّيْفِ﴾، ﴿هَٰذَا ٱلْبَيْتِ﴾.

ھەرىكەتلىك «واو» ۋە واو لىيننىڭ مەخرىجى ئون ئالتىنچى مەخرەجنىڭ بايانىدا كېلىدۇ. ھەرىكەتلىك «ياء» ۋە ياء لىيننىڭ مەخرىجى يەتتىنچى مەخرەجنىڭ بايانىدا كېلىدۇ①.

2. اَقصَى حَلْق (كاناينىڭ ئۆپكىگە تۇتاشقان قىسمى): بۇ ئورۇندىن ھەمزە (ء) بىلەن «ھ» چىقىدۇ.

3. وَسَط حَلْق (كانايىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى): بۇ ئورۇندىن «ع» بىلەن «ح» چىقىدۇ.

4. اَدْنىٰ حلق (كانايىنىڭ ئېغىز تەرەپكە يېقىن قىسمى): بۇ ئورۇندىن «غ» بىلەن «خ» چىقىدۇ.

بۇ ئالتىسى حُرُوْف حَلْقِى (بوغۇز ھەرپلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

5. لَهَات② (كىچىك تىلغا تۇتاشقان تىل تۈۋى): بۇنىڭ ئۈستى بىلەن يۇقىرىقى تاڭغاقتىن «ق» چىقىدۇ.

① «واو» بىلەن «ياء»غا ئۈچتىن ھالەت بار، يەنى واو مد ــــ اُوْ بُوْ تُوْ ثُوْ ...، ھەرىكەتلىك «واو» ــــ وَوِوُ، واو لين ــــ اَوْ بَوْ تَوْ ثَوْ يَوْ...؛ ياء مد ــــ اىْ بِىْ تِىْ ثِىْ جِىْ ...، ھەرىكەتلىك «ياء» ــــ يَ يِ يُ، ياء لين ــــ اَىْ بَىْ تَىْ ثَىْ غَىْ ... بۇلاردىكى واو مد بىلەن ياء مد ــــ ئىككىسىنىڭ مەخرىجى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

② لَهَات (لام زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ): كىچىك تىل.

www.uyghurkitap.com



6. «ك»نىڭ مەخرىجى: بۇ، «ق»نىڭ مەخرىجىنىڭ سەل تۆۋىنىدىن چىقىدۇ. بۇ ئىككى ھەرپ لَهَاتِيَّة دەپ ئاتىلىدۇ.

7. «ج»، «ش» ۋە مەدسىز «ي»[1]نىڭ مەخرىجى: بۇلارنىڭ مەخرىجى تىلنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئۈستى تەرەپتۇر. بۇ ئورۇندىن ئالدى بىلەن «ج»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ش»، ئاندىن مەدسىز «ي» چىقىدۇ. بۇ ھەرپلەر حروف شَجْرِيَّة[2] دەپ ئاتىلىدۇ[3].

## تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى




---

① بۇنىڭدىن ھەرىكەتلىك «ياء» بىلەن ياء لين مۇرادتۇر.
② شجر (شىن زەبەرلىك، جىم ساكىنلىق ئوقۇلىدۇ): تىل ئوتتۇرىسى بىلەن تاماقنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق قىسمى ئەرەب تىلىدا شَجْر دەپ ئاتىلىدۇ.
③ لخروجها من شجر الفم بسكون الجيم وهو منفتح ما بين اللحيين.



مۇھىم نۇقتا: ئالدىمىزدا كېلىدىغان مەخرەجلەردە چىشلارنىڭ ئىسمى ئەرەبچە كېلىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن شۇ چىشلارنىڭ ئىسمى تونۇشتۇرىلىدۇ.

ئوتتۇردىكى تۆت چىش ــــ ثَنَايَا دېيىلىدۇ. بۇلاردىن ئۈستۈنكى ئىككىسى ــــ ثَنَايَا عُلْيَا، ئاستىنقى ئىككىسى ــــ ثنايا سُفْلٰى دېيىلىدۇ.

ثناياغا تۇتاش تۆت يان چىش ــــ رَبَاعِيَات[1] ياكى قَوَاطِع دېيىلىدۇ.

رَبَاعِيَاتقا تۇتاشقان تۆت ئۇچلۇق چىش (مەگەن چىش) ــــ اَنْيَاب ياكى كَوَاسِر دېيىلىدۇ.

اَنْيَابنىڭ يېنىدىكى تۆت چىش ــــ ضَوَاحِك دېيىلىدۇ.

ضَوَاحِكنىڭ يېنىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چىشلاردىن باشقا يەنە ئون ئىككى چىش بار، يەنى ئۈچى ئۈستۈنكى ئوڭ تەرەپتە، ئۈچى ئۈستۈنكى سول تەرەپتە؛ ئۈچى ئاستىنقى ئوڭ تەرەپتە، ئۈچى ئاستىنقى سول تەرەپتە. بۇلار ــــ طَوَاحِن دېيىلىدۇ.

طَوَاحِنىڭ تۆرىگە ئورۇنلاشقان تۆت چىش ــــ نَوَاجِذ دېيىلىدۇ. مەزكۇر ضَوَاحِك، طَوَاحِن ۋە نواجذلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ــــ اَضْرَاس[2] (ئېزىق چىش) دېيىلىدۇ.

---

① راءنى زەبەر بىلەن ئوقۇش لازىم، پىش بىلەن ئوقۇش توغرا ئەمەس.
② اَضْرَاس (ھەمزە زەبەرلىك، ضاد ساكىنلىق ئوقۇلىدۇ): ضِرْس (بكسر ضاد)نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئېزىق چىش دېگەن مەنىدە.

دېمەك، ئوتتۇز ئىككى چىش مەزكۇر ئالتە خىل ئىسىم، يەنى ثَنايا، رَباعيات، اَنياب، ضَوَاحِك، طَوَاحِن ۋە نَوَاجِذلار بىلەن ناملىنىدۇ.

8. «ض»نىڭ مەخرىجى: حافّة لسان①نى اَضْراس عُلْيانىڭ مىلىكگە تەگكۈزگەندە چىقىدۇ. سول تەرەپتىن چىقىرىش ئاساندۇر. بىرلا ۋاقىتتا ئىككىلى تەرەپتىن چىقىرىشمۇ سەھىھ، لېكىن بەك قىيىن.

بۇ ھەرپ حَافِيَة دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرپتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر خاتا كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ضاد»نى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان ماھىر قارىدىن ئەمەلىي ھالدا ئۆگىنىش زۆرۈر. بۇ

① تىلنىڭ ئوڭ ياكى سول يېنى — حافَّة لسان دېيىلىدۇ. تىلنىڭ ئۇچى — طرف لسان دېيىلىدۇ. تىل ئۇچى بىلەن «ضاد»نىڭ مەخرىجىنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تىل ئۇچىنى تىل يېنىنىڭ ئورنىدا تامغاق بىلەن ئېزىق چىشقا تەگكۈزۈش ئاساندۇر. شۇڭا كىشىلەر ئومۇمەن «ضاد»نى تىل ئۇچى بىلەن تامغاقتىنلا ئادا قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر «ضاد» ھەرپىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا تىرىشماي، ئۇنى ھەرخىل خاتا تاۋۇشتا ئاڭلىتىپ، ئۆزىنى جامائەتكە كاتتا كۆرسىتىدۇ. بەزىدە «دال» قىلىپ ئوقۇسا، بەزىدە «دال مفخَّم» قىلىپ ئوقۇيدۇ. بەزىدە «زاء» قىلىپ ئوقۇسا، بەزىدە «ظاء» قىلىپ ئوقۇپ ئۆزىنى ۋە جامائەتنى ئالدايدۇ.

قەدىمقى كىتابلاردا يېزىلغانكى، بەزى رايوندىكى كىشىلەر «ضاد»نىڭ ئورنىدا «لام»مۇ ئوقۇيدىكەن، بەزىدە «غين» بىلەن «دال»نى بىرلەشتۈرۈپ «وَلَاغْدَالِّيْن» دەپ ئوقۇيدىكەن. دېمەك، خاتا يول ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەق يول بىرلا بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر كىشى كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، «ضاد»نى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان ماھىر قارىدىن بۇ ھەرپىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆز پەھمى ياكى تەھقىقىغا تايانماسلىقى كېرەك.



ھەرپىنى ھەرگىز «دال» قىلىپ ياكى «دال»غا ئوخشىتىپ ئوقۇماسلىق لازىم.

شۇنىڭدەك، پۈتۈنلەي «ظاء»غا ئوخشاش ئوقۇشمۇ خاتادۇر. ئەگەر «ضاد»نى توغرا مەخرەج بىلەن، توغرا ئۇسۇلدا، تاۋۇشنى پەيدىن-پەي يۇمشاقلىتىپ①، ھەممە سۈپەتلىرىگە رىئايە قىلىپ تەلەپپۇز قىلسا، ئۇنىڭ تاۋۇشى ئاڭلىنىشتا «ظاء» تاۋۇشىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. «دال» تاۋۇشىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. تەجۋىد ۋە قىرائەت ئىلمى كىتابلىرىدا شۇنداق يېزىلغان.

9. «لام»نىڭ مەخرىجى: تىل ئۇچى اَدْنَى حافَّة② بىلەن قوشۇلۇپ ثَنَايَا عُلْيَا، رَبَاعِيَات، أَنْيَاب ۋە ضَوَاحِكلارنىڭ تامغاق تەرەپتىكى مىلىكگە ئازغىنە يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ. ئوڭ تەرەپتىن چىقارسۇن ياكى سول تەرەپتىن چىقارسۇن ئوخشاش.

① حافة لسان بىلەن ئېزىق چىش «ضاد»نىڭ مەخرىجىدۇر. «ضاد»نى رخوة، يەنى يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇنداش لازىم. «دال»غا ئوخشاش قاتتىقلىق بىلەن ئورۇنداشقا بولمايدۇ. «ضاد» تەشدىدلىك ياكى ساكىنلىق بولغان ھالەتتە، يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇنداش ياكى قاتتىقلىق بىلەن ئورۇنداش، دېگەن سۆز ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. «ضاد» ئۆز مەخرىجىدىن چىققاندا تاۋۇش پەيدىن-پەي يۇمشاق چىقىشى لازىم. «دال»غا ئوخشاش تاۋۇشنى بەنت قىلىپ ئوقۇسا، خاتا بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ھەرگىز «ضاد»نى «ظاء»نىڭ مەخرىجىدە تەلەپپۇز قىلماسلىق لازىم. ئۇنداق قىلغاندا ھەرپ ئالمىشىپ كېتىپ، ئاشكارا لحن بولۇپ قالىدۇ، خۇددى «دال» ئوقۇشمۇ ئاشكارا لحن بولغاندەك. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە استطالة سۈپىتىنىڭ ئاستىدا كېلىدۇ.

② تىل يېنىنىڭ تىل ئۇچىغا يېقىن ئازغىنە قىسمى — اَدْنَى حافَّة دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئوڭ تەرەپتىن چىقىرىش ئاسان. بىرلا ۋاقىتتا ئىككىلى تەرەپتىن چىقىرىشمۇ سەھىھتۇر.

10. «ن»نىڭ مەخرىجى: تىلنىڭ ئۇچى ثَنَايَا عُلْيَانىڭ مىلىكىگە يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ. بۇنىڭ ضَواحك بىلەن ئالاقىسى يوق.

11. «راء»نىڭ مەخرىجى: تىل ئۇچىنىڭ ئارقىسى ثَنَايَا عُلْيَانىڭ تۈۋىدىن ئازغىنە يۇقىرى تەرەپكە يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ.

«لام»، «نون» ۋە «راء» ئۇچى ـــ طرفيّة ياكى ذلقيّة[1] دەپ ئاتىلىدۇ.

12. «طاء»، «دال» ۋە «تاء»نىڭ مەخرىجى: تىل ئۇچى ثَنَايَا عُلْيَانىڭ ئۈستۈنكى يىلتىزىغا يېقىنلاشسا، تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن «طاء»، ئاندىن «دال»، ئاخىردا «تاء» چىقىدۇ. بۇ ئۈچ ھەرپ نِطَعية[2] دەپ ئاتىلىدۇ.

13. «ظاء»، «ذال» ۋە «ثاء»نىڭ مەخرىجى: تىل ئۇچى ثَنَايَا عُلْيَانىڭ ئۇچىغا يېقىنلاشسا، تىل ئۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئالدى بىلەن «ظاء»، ئاندىن «ذال»، ئاخىردا «ثاء» چىقىدۇ. تىل ئۇچى ئاساسەن تاشقىرىغا چىقىش بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇ ئۈچ ھەرپ لثوية[3] دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] ذَلَق (ذال ۋە لامنى فتح ئوقۇش بىلەن): تىل ئۇچى.
[2] نطع: لخروجها من نطع الغار من الحنك الأعلى اى سقفه.
[3] لَثَةٌ بكسر لام وفتح ثاء: چىش مىلىكلىرى دېگەن مەنىدە.



14. «صاد»، «زاء» ۋە «سىن»نىڭ مەخرىجى: تىل ئۇچى بىلەن ثَنَايا سُفلىنىڭ ئۇچى ثَنَايَا عُلْيَاغا ئازغىنە تۇتىشىش[1] بىلەن بۇ ھەرپلەر چىقىدۇ. بۇ صَفِيْر ھەرپلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

15. «فاء»نىڭ مەخرىجى: ئاستىنقى لەۋنىڭ ئىچى بىلەن ثَنَايَا عُلْيَانىڭ ئۇچلىرى يېقىنلىشىش بىلەن چىقىدۇ.

16. ئىككى لەۋ: بۇ ئورۇندىن «باء»، «ميم»، مەدسىز «واو»[2] چىقىدۇ.

لېكىن بۇ ئۇچىدە بىر ئاز پەرق بار: «باء» ـــ ئىككى لەۋنىڭ نەم يېرىدىن چىقىدۇ، شۇڭا بَحْرى دەپ ئاتىلىدۇ.

«ميم» ـــ ئىككى لەۋنىڭ قۇرغاق يېرىدىن چىقىدۇ. شۇڭا، بَرّى دەپ ئاتىلىدۇ.

«واو» ـــ ئىككى لەۋنى بىرلەشتۈرمەستىن[3] ھاسىل بولىدۇ.

«فاء»، «باء»، «ميم»، «واو» ـــ تۆتى شَفَوِيَّة دەپ ئاتىلىدۇ.

17. خَيْشُوْم (بۇرۇن تۆشۈكى): بۇنىڭدىن غُنَّة[4] چىقىدۇ.

---

[1] ثنايا عليا بىلەن ثنايا سفلىنىڭ ئۇچلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ، بۇنىڭدىن گۈدۈك، ئىسقىرتىش پەيدا بولىدۇ.
[2] بۇنىڭدىن ھەرىكەتلىك «واو» بىلەن واو لين مۇرادتۇر.
[3] باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، واو لىين بىلەن ھەرىكەتلىك «واو»نىڭ مەخرىجى إنضمام شفتين، «باء» بىلەن «ميم»نىڭ مەخرىجى إِطباق شفتين بولىدۇ.
[4] دىماغدىن چىققان ئاۋاز ـــ غۇننە دېيىلىدۇ. بۇ ئايرىم بىر ھەرپ ئەمەس، بەلكى «نۇن» بىلەن «مىم»نى بۇرۇندىن تەلەپپۇز قىلغاندا ھاسىل بولىدىغان ئاۋازنىڭ ئىسمىدۇر.

## بەشىنچى دەرس صِفَاتُ الْحُرُوْفِ (ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى) توغرىسىدا

ھەرپ تەلەپپۇز قىلىنغاندىكى كەيفىيەتلەر ـــ ھەرپىنىڭ سۈپىتى① دېيىلىدۇ.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، شۇ سۈپەتلەر ئورۇندالمىسا، ھەرپ ئۆزىنىڭ ھەرپلىكىنى ساقلاپ قالالمايدىغان ياكى يېرىم بولۇپ قالىدىغان سۈپەتتۇر. بۇ سۈپەتلەر ذَاتِيَة، ياكى لَازِمَة②، ياكى مُمَيِّزَة، ياكى مُقَوِّمَة دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنە بىرى، شۇ سۈپەت ئورۇندالمىسمۇ، ھەرپ ئۆزىنىڭ ھەرپلىكىنى ساقلاپ قالالايدىغان، لېكىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكى يوقىلىدىغان سۈپەتتۇر. بۇ سۈپەتلەر مُحَسِّنَة، ياكى مُزِيِّنَة، ياكى مُحلية، ياكى عارضيّة③ دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① ھەرپ مەخرەجدىن چىققاندا ھەرپىنىڭ تاۋۇشىدا بىر خىل كەيفىيەت ياكى ھالەت بولىدۇ. شۇ خىل كەيفىيەت ياكى ھالەت ـــ ھەرپىنىڭ سۈپىتى دېيىلىدۇ. دېمەك، مەخرەجدە ئورتاقلىقا ئىگە ھەربىر ھەرپ ئۆزىگە خاس سۈپەتكە كەلگەندە ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇ، خۇددى ئىككى قېرىنداشنىڭ چىققان ئورنى بىر بولسىمۇ، ئەمما ھەربىرى ئۆزىگە خاس سۈپەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغانغا ئوخشايدۇ. ناۋادا مەخرەج بىلەن سۈپەت ئىككىسى بىر بولۇپ قالسا، كالامنىڭ تاۋۇشلىرى ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازى مەخرەج ۋە سۈپەتتە بىردۇر.

② كۆپىنچە صفة لازمة دەپلا سۆزلىنىدۇ.

③ كۆپىنچە صفة عارضة دەپلا سۆزلىنىدۇ. وجه التسمية به أن هذه الصفات في الحروف تكون لخصوص المحل دون محل آخر.



صفة لازمة ئون يەتتە بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھمس: ھمس ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، نەپەس مەخرەجدە پەيدىن-پەي ئاجىزلىق بىلەن توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىرخىل پەسلىك ھاسىل بولىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مَهْمُوْسَة دەپ ئاتىلىدۇ.

هَمْس ھەرپلىرى ئون: «فَحَثَّهُ شَخْصٌ سَكَتَ».

2. جَهْر: جَهْر ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، نەپەس مەخرەجدە جانلىق توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىرخىل كۆتۈرۈلۈش ھاسىل بولىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مَجْهُوْرَة دەپ ئاتىلىدۇ.

مهموسة ھەرپلەردىن باشقىسى مجهورةگە كىرىدۇ.

جهر بىلەن ھمسدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۈپەت بىر-بىرىگە زىت.

3. شِدّة: شدة ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ مەخرىجىدە تاۋۇش قاتتىق توسۇلۇپ، تاۋۇشتا بىر خىل قاتتىقلىق① ھاسىل بولىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ شديدة دەپ ئاتىلىدۇ.

شدة ھەرپلىرى سەككىز: «أَجِدُكَ قَطَبْتَ» ياكى «أجد قط بكت».

---

① شدة ـــ قاتتىق، ياڭراق دېگەن مەنىدە. قاتتىقلىقنى تونۇش شۇكى، ساكىنلىق ھالەتتە، شدة ھەرپلىرىنىڭ تاۋۇشىنى پەيدىن-پەي تۇرمۇزلاش مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن: حَجّ، حقّ.

4. رخوة①: رخوة هەرپلرى تەلەپپۇز قلنغاندا، ئۇلارنڭ مەخرجدە تاۋۇش زەئپلق بلەن پەيدن-پەي توسۇلۇپ، تاۋۇشتا برخل يۇمشاقلق هاسل بولدۇ②. قايسبر هەرپتە بۇ سۈپەت تېپلسا، ئۇ رخوة دەپ ئاتلدۇ.

شديدة بلەن مُتوسِّطة هەرپلرنڭ باشقسى رخوةگە كردۇ.

همس بلەن جهرگە ئوخشاش، شدة بلەن رخوةمۇ بر-برگە زت.

متوسطة: تاۋۇش قاتتقمۇ توسۇلماي، زەئپلق بلەنمۇ توختماي③، ئوتتۇراهال، يەنى شديدة بلەن رخوةنڭ ئارلقدا تەلەپپۇز قلندۇ. قايسبر هەرپتە بۇ سۈپەت تېپلسا، ئۇ مُتَوَسِّطة ياكى بَيْنِيَّة دەپ ئاتلدۇ.

متوسطة هەرپلرى بەش: «لِنْ عُمَرُ».

متوسطة ئايرم سۈپەت قاتاردا سانالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنڭدا برئاز قاتتقلقمۇ بار هەمدە برئاز يۇمشاقلقمۇ بار.

بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بر سوئال تۇغۇلدۇ: «تاء» بلەن «كاف» هەرپى مهموسةدن هېسابلاندى. ۋەهالەنكى، بۇ ئككى

① رخوة (راءنڭ كسرسى بلەن) ـــ يۇمشاق دېگەن مەنندە. ومنه قوله تعالى ﴿تَجۡرِي بِأَمۡرِهِۦ رُخَآءً﴾.

② يۇمشاقلقنى تونۇش شۇكى، ساكنلق هالەتتە، رخوة هەرپلرنڭ تاۋۇشنى پەيدن-پەي تۇرمۇزلغلى بولدۇ. مەسلەن: اَسْ، مسّ، رشّ، شُحّ.

③ يەنى شديدەدەك قاتتقمۇ بولماي، رخوةدەك يۇمشاقمۇ بولماي، بەلكى ئككسنڭ ئارلقدا بولدۇ. گويا، شدةمۇ يېرم، رخوةمۇ يېرم تېپلغاندەك.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكتى
www.uyghurkitap.com



هەرپتە تاۋۇش توسۇلدۇ. شۇنڭ ئۈچۈن بۇ ئككى هەرپ مَجْهُوْرَة قاتارغا ئېلنسا بولاتتى؟①

جاۋاب: «كاف» بلەن «تاء» ساكنلق بولغاندا تاۋۇش قاتتق توسۇلدۇ، يەنى «كاف»تا تل تۈۋى يۇقرىقى تامغاقا پۇختا تېگدۇ. «تاء»دا تل ئۇچى ثنايا علياننڭ تۈۋگە پۇختا تېگدۇ. لېكن، تاۋۇش توسۇلۇپ تل تۈۋى ياكى تل ئۇچى ئايرلغاندا، ئەكسچە نەپەس جانلق توسۇلماستن، بەلكى پەيدن-پەي توسۇلدۇ. دەل مۇشۇ همس تۇر. شۇڭا، تاۋۇشتا قاتتق توسۇلۇشنى هاسل قلش ئۈچۈن، نەپەسمۇ جانلق توسۇلۇشى لازم، دېيش دۇرۇس بولمايدۇ. مانا بۇ، تەهققي جاۋاب.

بۇ ئېترازغا ئائت يەنە بر جاۋاب شۇكى، تاۋۇش ئاڭلندۇ، نەپەس ئاڭلانمايدۇ. تاۋۇش توسۇلغاندا، نەپەسنڭ توسۇلۇشى زۆرۈر ئەمەس. مەسلەن: ئەگەر براۋ جم تۇرسا، يەنى زۇۋان چقارمسا، ئۇنڭ نەپسى توسۇلۇش زۆرۈرمۇ؟ شۇڭا، شدة بلەن همس دېگەن ئككى سۈپەتتە ئۆزئارا قارمۇقارشلق يوق.

① بۇ ئېتراز، تاۋۇش بلەن نەپەس بر-برىدن ئايرلالمايدۇ دەپ پەرەز قلنغاندا، ئاندن دۇرۇس بولدۇ، يەنى «كاف» بلەن «تاء» شديدة بولغانلقتن، ئۇلارنى تەلەپپۇز قلغاندا تاۋۇش مەخرجدە قاتتق توسۇلدۇ. ئۇنداقتا، قانداقسگە نەپەس مەخرەجدە پەيدن-پەي ئاجزلاپ توختيالايدۇ؟ تاۋۇشتا قاتتق توسۇلۇشنى هاسل قلش ئۈچۈن نەپەسمۇ جانلق توسۇلۇشى لازم. شۇڭا، بۇ ئككى هەرپنى مهموسة قاتاردا سانماي، مجهورة قاتاردا ساناش زۆرۈر. خۇددى «كاف» بلەن «تاء»دن باشقا شديدةنڭ قالغان ئالتە هەرپمۇ مجهورة بولغاندەك. بۇ ئېتراز ئەمدى ئۇچۇقلاشتى.

ئۇلارنىڭ بىر ھەرپتە جەم بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ھەرپتە شدة[1] كۈچلۈك بولغانلىقتىن تاۋۇش توسۇلىدۇ، لېكىن ئاز مىقداردا ھمس بولغانلىق ئۈچۈن، كېيىن نەپەسمۇ ئاز مىقداردا پەيدىن ـ پەي توسۇلىدۇ.

ئەمما نەپەس پەيدىن ـ پەي پەسلىگەندە تاۋۇشنىڭمۇ پەيدىن ـ پەي پەسلىشىدىن ساقلىنىش[2] لازىم. ناۋادا تاۋۇشمۇ پەيدىن ـ پەي پەسلىشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا «كاف» بىلەن «تاء» شديدة بولماستىن، بەلكى رخوة بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىرى، بۇنىڭدا «هاء»نىڭ تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئېغىر خاتالىق كۆرۈلىدۇ.

5. إِستعلاء: إِستعلاء ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل تۈۋى داۋاملىق ئۈستۈنكى تامغاق تەرەپكە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ھەرپلەر قېلىن ئوقۇلىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُسْتَعْلِيَة دەپ ئاتىلىدۇ.

إِستعلاء ھەرپلىرى يەتتە: «خُصَّ ضَغْطٍ قِظْ».

---

[1] فى جهد المقل واما الشديد المهموس حرفان: الكاف والتاء فيشد صوتهما بالكلية بل نفسهما ايضا، لان حقيقة الصوت هى النفس ثم ينفتح مخرجاهما ويجرى فيهما نفس كثير مع صوت ضعيف ليحصل الهمس وفيه الشدة فى آن والهمس فى زمان آخر ـ وزاد فى حقيقة التجويد فالهمس فى زمان بعد آن ـ اه وفيهما وهذا باب يتحير فيه الألباب اه.

[2] چۈنكى نەپەستە تاۋۇش بولمايدۇ. ئەگەر نەپەس باشقىلارغىمۇ ئاڭلانسا، ئۇ چاغدا نەپەس ئۆزىنىڭ ئەسلى كەيفىيىتىدە بولماستىن، بەلكى تاۋۇش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا ھمسنى ئاڭلىتىشقا تىرىشقانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەسىلەن: ﴿إِيَّاكَ﴾نى «اِيَّاكَهْ»، ﴿أَنْعَمْتَ﴾نى «اَنْعَمْتَهْ» دەپ ئوقۇغاندەك.



6. إِستفال: إِستفال ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل تۈۋى ئۈستۈنكى تامغاق تەرەپكە كۆتۈرۈلمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ھەرپلەر ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُسْتَفِلَة دەپ ئاتىلىدۇ.

مُسْتَعْلِيَة ھەرپلەردىن باشقىسى مستفلة ھەرپلەرگە كىرىدۇ. إِستعلاء ۋە إِستفالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۈپەتمۇ بىر ـ بىرىگە زىت.

7. إطباق: إطباق ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرىسى ئۈستۈنكى تامغاققا تىرىلىدۇ[1]. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُطْبِقَة دەپ ئاتىلىدۇ.

إطباق ھەرپلىرى تۆت: «ص، ض، ط، ظ».

8. إِنفتاح: إِنفتاح ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرىسى ئۈستۈنكى تامغاقتىن ئايرىلىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُنْفَتِحَة دەپ ئاتىلىدۇ.

مطبقة ھەرپلەردىن باشقىسى منفتحة ھەرپلەرگە كىرىدۇ. إطباق ۋە إِنفتاحتىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۈپەتمۇ بىر ـ بىرىگە زىت.

9. إِذلاق: إِذلاق ھەرپلىرى لەۋ بىلەن تىل ئۇچىدىن يەڭگىل ھەم تېز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ[2]. قانداقلا ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُذْلَقَة[3] دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] إطباق ـــ چاپلاش، ئېتىۋېتىش دېگەن مەنىدە. مطبقة ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئۈستۈنكى تامغاقنىڭ ئوڭكۈرىنى ئېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرپلەر مفخَّم (قېلىن) ئوقۇلىدۇ.

[2] بۇ ھەرپلەر مۇشەققەتسىز ھەم راۋان ئورۇندىلىدۇ.

[3] والذلق فى اللغة الطرف.

ئىزلاق ھەرپلىرى ئالتە بولۇپ، يىغىندىسى: «فَرَّ مِنْ لُـبٍّ»، يەنى لەۋنىڭ قىرغىقىدا ئورۇندىلىدىغان شَفَوِيَّة[1] ھەرپلىرى ھەمدە تىل ئۇچىدا ئورۇندىلىدىغان طرفية ھەرپلىرىدۇر[2] («دۇررەتۇل فەرىد»).

10. ئىصمات[3]: ئىصمات ھەرپلىرى ئۆز مەخرىجىدىن قاتتىقلىق بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يەڭگىل ۋە تېز تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ مُصْمَتَة دەپ ئاتىلىدۇ.

مذلقة ھەرپلىرىدىن باشقىسى مصمتة[4] ھەرپلىرىگە كىرىدۇ. ئىزلاق ۋە ئىصماتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۈپەتمۇ بىر-بىرىگە زىت.

مەزكۇر ئون سۈپەت — بىر-بىرىگە زىت سۈپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

تۆۋەندە كېلىدىغانلىرى — بىر-بىرىگە زىت ئەمەس سۈپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بىلىش لازىمكى، بىر-بىرىگە زىت سۈپەتلەر ھەربىر ھەرپتە تېپىلماي قالمايدۇ (گەرچە ئاز مىقداردا بولسىمۇ). ئەمما، بىر-

① يەنى «فاء»، «ميم»، «باء».

② يەنى «لام»، «نون»، «راء». بۇ ئالتە ھەرپ تىل ئۇچى ۋە لەۋ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، ئۇلار يەڭگىل ۋە تېز ئوقۇلىدۇ دەپ قارار قىلىندى («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد»).

③ الإِصمات لغة المنع مطلقًا واصطلاحًا امتناع الكلمة الرباعية والخماسية من غير حرف من المذلقة فالعسجد عجمى اسم للذهب وليس بعربى.

④ ئِصماتتىن بصيغة اسم مفعول.



بىرىگە زىت ئەمەس سۈپەتلەر بەزى ھەرپلەردە تېپىلىپ، بەزى ھەرپلەردە تېپىلمايدۇ.

11. صفير: صفير ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئىسقىرتقانغا ئوخشاش تېزلا[1] بىر ئاۋاز چىقىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ صفير دەپ ئاتىلىدۇ.

صفيرنىڭ ھەرپلىرى ئۈچ: «ص، ز، س».

12. قلقلة: قلقلة ھەرپلىرى سۈكۈن ھالىتىدە تەلەپپۇز قىلىنغاندا، مەخرەجدە بىرخىل تىترەش ھاسىل بولىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ قَلْقَلَة دەپ ئاتىلىدۇ.

قلقلة ھەرپلىرى بەش: «قُطْبُ جَدٍّ».

13. لىين: لىين ھەرپلىرى تىلغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەي، يۇمشاقلىق بىلەن ئورۇندىلىدۇ ھەمدە بىراق ئۇلارنى سوزۇشنى خالىسا، بىمالال سوزالايدۇ[2]. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ لين ھەرپى دەپ ئاتىلىدۇ.

① تىل ئۇچى بىلەن تۆتىلى ئارىسى بىر-بىرىگە تۇتىشىش بىلەن صفير ھەرپلىرى چىقىدۇ. بۇ ئۈچ ھەرپتە، ئاۋاز مەخرەجدە چەكلىنىپ، دۇدۇكنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

② مەد ھەرپلىرىنىڭ تاۋۇشى ئېغىز بوشلۇقىدىن چىقىپ، تاۋۇشىنىڭ سوزۇلۇشى ۋە يۇمشاقلىق دەرىجىسى كەڭ بولىدۇ. لېكىن، لىين ھەرپلىرىنىڭ مەخرىجى ئېنىق ۋە مۇئەييەندۇر. ئەسلىدە بۇنىڭدا تاۋۇشنىڭ سوزۇلۇشى ۋە يۇمشاقلىقىغا ئائىت سوئال پەيدا بولمايتتى. ۋەھالەنكى، مدّ فرعىدە مەدنىڭ بەزى ھالەتلىرىدە، مەدنىڭ ئورنى لين ھەرپى بولىدىغانلىقى، ئۇنى سوزسا سوزغىلى

لىنىڭ ھەرپلىرى ئىككى: زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «واو» ۋە زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ياء». مەسىلەن: ﴿مِّنْ خَوْفٍۭ﴾، ﴿وَٱلصَّيْفِ﴾.

14. إِنحراف: إِنحراف ھەرپلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆز مەخرىجىدىن ئازراق چەتلەش[1] كۆرۈلىدۇ. قايسىبىر ھەرپتە بۇ سۈپەت تېپىلسا، ئۇ منحرفة دەپ ئاتىلىدۇ.

إِنحرافنىڭ ھەرپلىرى ئىككى: «لام، راء».

15. تكرير: بۇ «راء»دىكى سۈپەت بولۇپ، ئۇ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلدا بىرخىل تىترەش پەيدا بولغاچقا، تاۋۇش تەكرارلانغانغا ئوخشاپ قالىدۇ[2].

---

بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ سوئالنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەجۋىد ئۆلىمالىرى لىن ھەرپلىرىدە شۇنداق بىر يۇمشاقلىقنىڭ بارلىقىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇنى سوزسا سوزغىلى بولىدىغانلىقىغا قايىل بولۇشتى. مۇئەللىف ھەزرەت بۇ مەسىلىگە مۇنداق ئىشارەت قىلدى: «بىراۋ ئۇلارنى سوزۇشنى خالىسا، بىمالال سوزالايدۇ».

① إِنحراف ــ ھەرپنىڭ ئۆز مەخرىجىدىن ھالقىپ، باشقا بىر ھەرپنىڭ مەخرىجىگە مايىل بولۇشىدۇر، يەنى «لام»نىڭ مەخرىجىدە، ادنىٰ حافةدىن طرف لسان، يەنى «راء»نىڭ مەخرىجى تەرەپكە مايىل بولۇش كۆرۈلىدۇ. «راء»نىڭ مەخرىجىدە، طرف لساندىن ظهر لسان تەرەپكە ۋە ئازغىنە «لام»نىڭ مەخرىجى تەرەپكە مايىل بولۇش كۆرۈلىدۇ. شۇڭا تىلى ئېغىر بالا «راء»نى «لام» قىلىپ تەلەپپۇز قىلىپ قويىدۇ («نىهايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 52- بەت).

② تكرير: ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلدا تىترەش پەيدا بولۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ سۈپەت «راء»دىلا تېپىلىدۇ. ئەمما، بۇ سۈپەتنى «راء» تەكرارلىنىپ قالمىغان ئاساستا، نازۇكلۇق بىلەن ئورۇنداش لازىم.



بۇ «راء»نى تەكرار ئىزھار قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. گەرچە «راء»دا تەشدىد بولسىمۇ، تەكرار ئىزھار قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. چۈنكى تەشدىدلىك ئوقۇلغان «راء»مۇ بىرلا ھەرپتۇر.

16. تَفَشِّي: بۇ «شىن»دىكى سۈپەت بولۇپ، ئۇ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش ئېغىز ئىچىگە تارقىلىپ، تولۇپ چىقىدۇ.

17. إِستطالة: بۇ «ضاد»تىكى سۈپەت بولۇپ، ئۇ تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل يېنىنىڭ بېشىدىن تىل يېنىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان پۈتۈن تىل يېنى، مەخرەجدە تاۋۇشنى توشقۇزۇپ، ئۇزۇنراق سوزىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** مخارج الحروف ۋە صفات لازىمىدە نۇقسان كۆرۈلسە، خاتالىق يۈز بېرىدۇ. تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئەسلى مەقسىتى مۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخرەج ۋە سۈپەتلەر ھەممە قائىدىلەردىن ئىلگىرى بايان قىلىندى.

ئەمدى تۆۋەندە ئەسلى مەقسەتتىن تاشقىرى بولغان «صفات محسّنة»[1] تونۇشتۇرۇلىدۇ. گەرچە «صفات محسّنة» مەقسەتتىن تاشقىرى بىر ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا رىئايە قىلغاندا ئەسلى

---

① صفات محسّنة ــ ھەرپنى گۈزەللەشتۈرىدىغان سۈپەتلەردۇر. بۇ سۈپەتلەر كۆپىنچە صفات عارضة دەپ سۆزلىنىدۇ. بۇ سۈپەتلەر شۇ ھەرپتە داۋاملىق بولمايدۇ. بەلكى، مۇئەييەن شەرت ھازىرلانغاندا ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ سۈپەتلەر ئورۇندالمىسا، ھەرپلەرنىڭ زاتى ۋە ھەقىقىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ، بەلكى گۈزەللىكتىلا پەرق كۆرۈلىدۇ.

مەقسەتكە ئالاھىدە ھۆسنى قوشۇلۇپ، ئاھاڭ كۆركەم ۋە يېقىملىق چىقىدۇ. شۇڭا، «صفات محسّنة»گىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## ئالتىنچى دەرس صفات عارضة توغرىسىدا

صفات عارضة ئاساسەن تۆۋەندىكى دەرسلىرىمىزدە تونۇشتۇرۇلىدىغان سەككىز[①] ھەرپتە تېپىلىپ، ئۇلاردىكى ھەرخىل ھالەتتە، ھەرخىل سۈپەتلەرگە رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەككىز ھەرپ: «لام»، «راء»، تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «ميم»، تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «نون»[②]، زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن «الف»، پەشلىك ياكى زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «واو»، زەبەرلىك ياكى زىرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ياء»، ھەمزە (ء).

① بۇ، مۇشۇ سەككىز ھەرپتىلا صفات عارضة بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. باشقا تەجۋىد پېنى كىتابلىرىدا إدغام صغير ۋە إدغام كبيرنىمۇ صفة عارضة قاتارىدا سانىغان. بۇ سۈپەتلەر بۇ سەككىز ھەرپتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ھەرپلەردە تېپىلىدۇ.

بۇ كىتابتا صفات عارضةنى سەككىز ھەرپتىلا چەكلەپ قويۇشتىكى سەۋەب، ئۇنى ئىپتىدائى ئوقۇغۇچىلارغا ئىخچام ئۇقۇم قىلىپ تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇلارغا ھازىرچە مۇشۇ سەككىز ھەرپتىكى ئىككىلەمچى سۈپەتنى بىلدۈرۈش مۇھىم. بۇ ھەرپلەر «اَوْ يَرْمَلَانِ»دىكى ھەرپلەردۇر.

② ساكىنلىق «نون»غا تەنۋىنمۇ كىرىدۇ. چۈنكى، تەنۋىن يېزىقتا «نون» بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە، زەبەردىن كېيىن كېلىپ ساكىنلىق ئوقۇلىدىغان «نون»دۇر. خۇددى «ب»نى تەنۋىن (قوش زەبەر) ئوقۇسا، «بَنْ» ئوقۇلغاندەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تۆۋەندە بۇ سەككىز ھەرپنىڭ قائىدىلىرى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## يەتتىنچى دەرس «لام»غا دائىر قائىدىلەر

«الله» دېگەن كەلىمىنىڭ «لام»ىدىن ئىلگىرىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولسا، «لام» توشقۇزۇپ قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَرَادَ ٱللَّهُ﴾، ﴿رَّفَعَهُ ٱللَّهُ﴾. بۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرپنى توشقۇزۇپ، قېلىن ئوقۇش ـــ تفخيم[①] دەپ ئاتىلىدۇ.

ساكىنلىق «نون» بىلەن تەنۋىندە مۇنداق پەرق بار: 1) ساكىنلىق «نون» وقف، وصل ئىككىلى ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. تەنۋىننىڭ نۇنى وصلدىلا ئوقۇلىدۇ، وقفدە ئوقۇلمايدۇ. 2) ساكىنلىق «نون» كەلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ كېلەلەيدۇ. تەنۋىن داۋاملىق كەلىمىنىڭ ئاخىرىدىلا كېلىدۇ. 3) ساكىنلىق «نون» كەلىمىنىڭ ئۈچىلى قىسمى (اسم، فعل، حرف)دا كېلەلەيدۇ. تەنۋىن داۋاملىق ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.

① تفخيم ـــ چوڭايتماق دېگەن مەنىدە. مستعلية ۋە مطبقة ھەرپلىرىدە لەۋنى يۇمىلاق قىلىشتىن ساقلىنىش لازىمدۇر. شۇنىڭدەك لام مفخّمدىمۇ لەۋنى يۇمىلاق قىلماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندا «الله» دېگەن كەلىمىدە تفخيم تېخىمۇ كامىل بولىدۇ.

ئەگەر «لام»دىن ئىلگىرى زىرلىك ھەرپ بولسا، «لام» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾. بۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرپنى ئىنچىكە ئوقۇش — تَرْقِيْق دەپ ئاتىلىدۇ.

«الله» دېگەن كەلىمىدىكى «لام»دىن باشقا «لام»لار ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَا وَلَّىٰهُمۡ﴾، ﴿كُلَّه﴾.

**دىققەت:** «اَللّٰهُمَّ»دىمۇ «الله»دىكى قائىدە جارى بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بېشىدىمۇ «الله»[1] دېگەن كەلىمە بار.

## سەككىزىنچى دەرس «راء»گە دائىر قائىدىلەر

1 ـ **قائىدە:** «راء» زەبەرلىك ياكى پېشلىك بولسا، قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿رَبُّكَ﴾، ﴿رُّبَمَا﴾؛ زىرلىك[2] بولسا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فِيهِ رِجَالٌ﴾، ﴿وَأَجۡرٍ كَرِيمٍ﴾.

---

① دېمەك، «سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ»، ﴿قَالُوا ٱللَّهُمَّ﴾دە «لام» توشقۇزۇپ، قېلىن ئوقۇلىدۇ. ﴿قُلِ ٱللَّهُمَّ مَٰلِكَ ٱلۡمُلۡكِ﴾دە ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

② زىرلىك «راء» بالاتفاق ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ: مەيلى ئۇ كسرة لازمة بولسۇن، «رِجَال»دەك؛ عارضة بولسۇن، ﴿وأَنذِرِ ٱلَّذِينَ﴾دەك؛ مەيلى كسرة كاملة بولسۇن، ئۈستىكەن ئىككى مىسالدەك؛ مەيلى كسرة ناقصة بولسۇن، ﴿وَٱلۡفَجۡرِ﴾دە رَوْم بىلەن وقف قىلىنغاندەك؛ مەيلى ﴿مَجۡرِىٰهَا﴾دىكى راء مُمَالَةدەك بولسۇن؛ مەيلى ئوتتۇرىدا بولسۇن، ﴿تُحَرِّمُ﴾دەك؛ مەيلى ئاخىردا بولسۇن، ﴿وَٱلۡقَمَرِ﴾دەك (وصل ھالەتتە)؛ مەيلى تەنۋىنلىك بولسۇن، ﴿مُّقۡتَدِرٍ﴾دەك؛ مەيلى تەنۋىنسىز بولسۇن، ئۈستىكەن



**دىققەت:** تەشدىدلىك «راء»مۇ بىر «راء»دۇر. دېمەك، تەشدىدلىك «راء» ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئېتىبارى بىلەن قېلىن ياكى ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. يەنى ﴿سِرًّا﴾گە ئوخشاشلارنىڭ «راء»سى قېلىن، ﴿دُرِّىٌّ﴾گە ئوخشاشلارنىڭ «راء»سى ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. تەشدىدلىك «راء»نى تۆۋەندىكى قائىدىگە مۇناسىۋىتى بار دېگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر بۇنى ئىككى «راء» دەپ چۈشىنىپ، ئالدىنقىسى ساكىنلىق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق قاراش خاتادۇر.

2 ـ **قائىدە:** «راء» ساكىنلىق[1] بولسا، ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىگە قارايمىز. ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى زەبەرلىك ياكى پېشلىك بولسا، «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ٱلۡبَرۡقُ﴾، ﴿يُرۡزَقُونَ﴾. ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى زىرلىك بولسا، «راء» ئىنچىـ

---

مىساللاردەك؛ مەيلى ئالدى تەرەپ ساكىنلىق بولسۇن، ﴿ٱلدَّارُ﴾دەك؛ ياكى ھەرىكەتلىك بولسۇن، ﴿أَرِنَا﴾دەك.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زىرلىك «راء»دىن كېيىن مستعلية ھەرپى (﴿ٱلرِّقَابِ﴾ دەك) ياكى مستفلة ھەرپى (﴿رِّزۡقًا﴾دەك) كەلسىمۇ، «راء» يەنىلا ئىنچىكە ئوقۇلۇۋېرىدۇ. مەيلى مشدَّد بولسۇن ياكى مخفَّف بولسۇن، خۇددى ئۈستىكەن مىساللاردەك.

① مەيلى «راء»نىڭ سۇكۇنى ئەسلى بولسۇن (﴿وَٱنۡحَرۡ﴾، ﴿فَٱنتَصِرۡ﴾ دېگەندەك) ياكى ئەسلى بولمىسۇن، يەنى وقف قىلغاندىكى سۇكۇن بولسۇن، (﴿وَدُسُرٍ﴾، ﴿نَهَرٍ﴾، ﴿ٱلۡمَقَابِرَ﴾ دېگەندەك)، يەنىلا ئەسلى قائىدىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، يەنى ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پېشلىك بولسا، «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ؛ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولسا، «راء» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأَنذِرْهُمْ﴾. لېكىن، بۇنىڭغا ئۈچ شەرت بار:

بىرىنچى شەرت: بۇ زىر ئەسلى بولۇشى لازىم، يەنى بۇ زىر ئەسلى بولمىسا، «راء» يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ٱرْجِعُوٓاْ﴾. بۇنىڭدا «راء» ساكىنلىق، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەمزە (ء) زىرلىك، لېكىن بۇ ھەمزىدىكى زىر[1] ئەسلى ئەمەس[2]تۇر. شۇڭا بۇ «راء» قېلىن[3] ئوقۇلىدۇ.

ئىككىنچى شەرت: بۇ زىر بىلەن ساكىنلىق «راء» ئىككىلىسى بىر كەلىمىدە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئىككى كەلىمىدە[4] بولسا، «راء» يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴾[5]، ﴿أَمِ[6] ٱرْتَابُوٓاْ﴾[7].

① لدفع تعذر الإبتداء بالسكون.

② ئەرەب تىلىدىن بىخەۋەر كىشى زىر قانداق يەردە ئەسلى بولىدىغانلىقى، قانداق يەردە ئەسلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىلىش كېرەككى، ﴿ ٱرْجِعُوٓاْ ﴾دىكى ھەمزە همزة الوصلىدۇر. وصل ھەمزىسىنىڭ زاتى ئەسلى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئەسلى ئەمەستۇر.

③ لان الاصل فى الراء التفخيم كما ان الاصل فى اللام الترقيق.

④ بۇكسرة منفصلة دېيىلىدۇ.

⑤ ﴿ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴾ ۋە ﴿ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ ﴾دىكى زىر گەرچە ئەسلى بولسىمۇ، لېكىن «راء»دىن ئايرىم بولغانلىقتىن، «راء» يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ.

⑥ كسرة الميم عارض ايضًا لإجتماع الساكنين فيفخم هذه الراء لفقد الشرطين هذا والاول.

⑦ ﴿أَمِ ٱرْتَابُوٓاْ﴾ ئەسلىدە ﴿اَمْ اِرْتَابُوْا﴾دۇر. ساكىنلىق «راء»نىڭ ئالدىدىكى زىر ئايرىم ھەم ئەسلى ئەمەستۇر.



ئۈچىنچى شەرت: مەزكۇر «راء»دىن كېيىن، شۇ كەلىمىدە إِستعلاء ھەرپى كەلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر «راء»دىن كېيىن إِستعلاء ھەرپى كېلىپ قالسا، «راء» يەنىلا قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قِرْطَاسٍ﴾، ﴿وَإِرْصَادًا﴾، ﴿لَبِٱلْمِرْصَادِ﴾، ﴿ فِرْقَةٍ ﴾ دېگەن مىساللاردا «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە بۇ شەرتكە مۇخالىف مۇشۇ تۆت[1] كەلىمىلا تېپىلىدۇ.

**دىققەت (1):** ئۈچىنچى شەرتكە ئاساسلانغاندا ﴿كُلُّ فِرْقٍ﴾نىڭ «راء»سىدىمۇ تفخيم بولىدۇ. لېكىن «قاف»تىمۇ زىر[2] بولغاچقا، بەزى قارىلار ئىنچىكە ئوقۇشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. شۇڭا، ئىككىلىسى جائىز.

**دىققەت (2):** ئۈچىنچى شەرتتىكى «شۇ كەلىمىدە» دېگەننى قەيت قىلىشتىكى سەۋەب، إِستعلاء ھەرپى كېيىنكى كەلىمىدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئېتىبارى يوق دېمەكچى. مەسىلەن: ﴿أَنذِرْ قَوْمَكَ﴾، ﴿فَٱصْبِرْ صَبْرًا﴾، ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ﴾گە ئوخشاشلاردا «راء» يەنىلا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

**3 ـ قائىدە:** ساكىنلىق «راء»نىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ساكىنلىق بولسا (مۇنداق ھالەت ۋەقفدە بولىدۇ)، شۇ ساكىنلىق

① ﴿ مِرْصَاد ﴾ ئىككى جايدا تېپىلىدۇ، يەنى ﴿ كَانَتْ مِرْصَادًا ﴾ (سۈرە نەبەئ) ۋە ﴿ لَبِٱلْمِرْصَادِ ﴾ (سۈرە فەجر).

② «ق» استعلاء ھەرپى بولۇپ، بۇ «راء»نىڭ قېلىن ئوقۇلۇشىغا سەۋەبتۇر. لېكىن، «ق» زىرلىك بولغانلىقتىن «راء»نىڭ قېلىن ئوقۇلۇشى زەئىپ بولىدۇ.

ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە قارايمىز. ئۇنىڭدا زەبەر ياكى پەش
بولسا، «راء»نى قېلىن ئوقۇيمىز. مەسىلەن: ﴿لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ﴾، ﴿بِكُمُ
ٱلۡعُسۡرَ﴾. بۇلاردا «راء» وقف سەۋەبلىك ساكىنلىق بولىدى. «دال» ۋە
«سين»مۇ ساكىنلىق. شۇڭا، «دال» بىلەن «سين»نىڭ ئالدىدىكى
ھەرپكە قارىدۇق. «قاف»تا زەبەر، «عين»دا پەش بار. شۇڭا، بۇ
ئىككى كەلىمىنىڭ «راء»سى قېلىن ئوقۇلىدۇ؛ ئەگەر زىرلىك
بولسا، «راء» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ذِي ٱلذِّكۡرِ﴾دە «راء» وقف
سەۋەبلىك ساكىنلىق بولىدى. «كاف»مۇ ساكىنلىق. شۇڭا،
«كاف»نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ «ذال»غا قارىدۇق. «ذال»دا زىر بار
ئىكەن، شۇڭا بۇ كەلىمىدىكى «راء» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

**دىققەت** (1): لېكىن ساكىنلىق «راء»نىڭ ئالدىدا ساكىنلىق
«ياء» ھەرپى كېلىپ قالسا، «ياء»دىن ئىلگىرىكى ھەرپكە قارىـ
ـماستىن، بىردەك «راء» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿خَيۡرٌ﴾،
﴿قَدِيرٌ﴾دىكى ئىككىلى «راء» ئىنچىكە ئوقۇلغانغا ئوخشاش.

**دىققەت** (2): مەزكۇر قائىدىگە ئاساسەن ﴿مِصۡرَ﴾ ۋە ﴿عَيۡنَ
ٱلۡقِطۡرِ﴾ دېگەن كەلىمىنى وقف قىلغاندا «راء»نى ئىنچىكە ئوقۇش
لازىم. لېكىن، تەجۋىد ئالىملىرى بۇ ئىككى كەلىمىنىڭ
«راء»سىنى ئىنچىكە[1] ۋە قېلىن[2] ئىككى خىل ئوقۇدى. شۇڭا،

---

① بۇ ئەللامە ئەبۇ ئەمرى دانى ۋە جۇمھۇرنىڭ مەزھىپىدۇر.
② بۇ ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى شۇرەيھ ۋە باشقىلارنىڭ مەزھىپىدۇر.



ئىككىلى خىل ئوقۇش جائىز. ئەمما، «راء»دىكى ھەرىكەتنى
ئېتىبارغا ئېلىش ئەۋزەلدۇر[1].
دېمەك، ﴿مِصۡرَ﴾دىكى «راء»دا زەبەر بولغاچقا، تفخيم ئەۋزەل.
﴿ٱلۡقِطۡرِ﴾دىكى «راء»دا زىر بولغاچقا، ترقيق ئەۋزەل.

**دىققەت** (3): مەزكۇر قائىدىگە بىنائەن «سۈرە فەجر»دىكى
﴿إِذَا يَسۡرِ﴾دە وقف بولغاندا، ئۇنىڭ «راء»سى قېلىن ئوقۇلۇشى
لازىمدۇر. ئەمما، بەزى تەجۋىد ئالىملىرى بۇنى ئىنچىكە[2]
ئوقۇشنى ئەۋزەل سانىدى. لېكىن بۇ رىۋايەت زەئىپتۇر. شۇڭا بۇ
«راء»نى ئەسلى قائىدە بويىچە قېلىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر[3].

---

① ئەللامە جەزەرىمۇ مۇشۇنى ئەۋزەل سانىدى.
② لان أصله يسرى فرقّقوا الراء ليدل على الياء المحذوفة.
③ ھەقىقەت شۇكى، ﴿فَأَسۡرِ﴾، ﴿اَنۡ اَسۡرِ﴾، ﴿وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَسۡرِ﴾، ﴿وَنُذُرِ﴾، ﴿ٱلۡجَوَارِ﴾ (شۇرا، رەھمان، كۇۋۋىرەت قاتارلىقلاردىكى)دىن ئىبارەت بەش كەلىمە، ئەگەر ساكىن بىلەن توختىسا، «راء»دا تفخيم ۋە ترقيق ئىككىلىسى جائىزدۇر. بۇ بەش كەلىمە ئەسلىدە «ياء» بىلەندۇر، يەنى باشتىكى ئىككى كەلىمە ئەسلىدە «اَسۡرِى» ئىدى، ئاخىردىكى ياء مد يوقىتىلدى. ﴿يَسۡرِ﴾مۇ ئەسلىدە «يَسۡرِى» ئىدى، فواصلغا رىئايە قىلغانلىقتىن «ياء» يوقىتىلدى. شۇنىڭدەك ﴿نُذُرِى﴾دىكى اضافة «ياء»سىمۇ فواصلغا رىئايە قىلغانلىقتىن يوقىتىلدى. ﴿ٱلۡجَوَارِى﴾نىڭ ياء متطرّفەسىمۇ «قَاضٍ»نىڭ قائىدىسى بويىچە يوقىتىلدى. ئەسلىدە، بۇ بەش كەلىمىدە «راء» وقف سەۋەبلىك ساكىنلىق بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ساكىنلىق ھەرپلەرنىڭ ماقبلسى مفتوح ياكى مضموم بولغانلىقتىن، «راء» تفخيم ئوقۇلاتتى. شۇڭا، ئەللامە جەزەرى ترقيقنى كۈچەيتىدۇ. ئۇ ئېيتىدۇ: وكذلك الحكم فى ﴿وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَسۡرِ﴾ فى الوقف بالسكون على قراءة من حذف الياء فحينئذٍ يكون الوقف عليه بالترقيق اولى. شەيخ ئەلى ئىبنى مۇھەممەد زەبباء ﷺ «شاتىبىييە»نىڭ شەرھىسىدە ئېيتىدۇ: لكن يستحسن الترقيق فى ﴿إِذَا يَسۡرِ﴾ و ﴿وَنُذُرِ﴾ على قراءة حذف الياء فيهما للدلالة على

**4 ـ قائدە:** «قۇرئان كەرىم»دە «راء»دىن كېيىن إِمَالَة① قىلىنىدىغان بىر جاي بار. بۇ جايدىكى «راء»نىڭ ھەرىكىتىنى زىر دەپ بىلىپ، «راء»نى ئىنچىكە ئوقۇش لازىم. ئۇ جاي بولسا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ مَجۡرِىٰهَا﴾②دۇر. ئۇ «قطرى» دېگەن كەلىمىدەك ئوقۇلىدۇ. دېمەك، ﴿مَجۡرِىٰهَا﴾نىڭ «راء»سى ئىنچىكە③ ئوقۇلىدۇ.

**5 ـ قائدە:** «راء» ھەرىيى وقف سەۋەبلىك ساكىنلىق بولغاندا، «راء»دىن ئىلگىرىكى ھەرپكە قاراپ «راء»نى ئىنچىكە ياكى قېلىن ئوقۇش بەلگىلىنىدۇ. بۇ، «راء» وقفدە مۇتلەق ساكىن ئوقۇلغان ئەھۋالغا قارىتا ئېيتىلغان ھۆكۈمدۇر. لېكىن، وقفنىڭ مۇنداق يەنە بىر ئۇسۇلمۇ بار، يەنى وقف قىلىنغان ھەرپ مۇتلەق ساكىن ئوقۇلماستىن، بەلكى ھەرىكەت يەڭگىل دەرىجىدە ئازغىنە (ھەرىكەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى) ئىزھار قىلىنىپ ئورۇندىلىدۇ. بۇ خىل وقف قىلىش، رَوْم دەپ ئاتىلىدۇ. روم زىر ۋە پىشكىلا خاس ھالەتتۇر.

---

الياء اوللفرق بين كسرة الاعراب وكسرة البناء. غەيسۇن نەفئى ﷺ ﴿إِذَا يَسۡرِ﴾دە «ياء»نى ئىسپاتلاش ياكى يوق قىلىشقا ئائىت ئىككى قىرائەتنىڭ ئىختىلاپىنى ئۇقتۇرۇپ قىسقا بىر سۆز بايان قىلىدۇ: «ياء» ئىسپاتلانغان يەردە «راء» ئىنچىكە، «ياء» يوق قىلىنغان يەردە «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. لېكىن، بۇ زاتنىڭ سۆزىدە قىسقىلىق بار.

① يەنى «راء»دىن كېيىنكى «الف»تا بىر جايدا إمالة بار. إمالة ـــ ئېگىش دېگەنلىك بولۇپ، «الف»نى «ياء مد» تەرەپكە مايىللاق قىلىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

② هو فى الاصل مجراها بالالف فأُميْلت.

③ ولاينظر الى انه فى الاصل الف والراء مفتوحة وحكم هذه الراءِ التفخيم.



بۇ قائىدىدە بايان قىلماقچى بولغىنىمىز شۇكى، «راء»نى روم بويىچە وقف قىلغاندا، «راء»نى قېلىن ياكى ئىنچىكە ئوقۇشنى بەلگىلەشتە، «راء»نىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتىگە قارىماستىن، بەلكى «راء»نىڭ ئۆزىدىكى ھەرىكەتكە قارىلىدۇ، يەنى «راء»نىڭ ھەرىكىتى پىشلىك بولسا①، «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مُّنتَصِرٌ﴾ روم بويىچە وقف قىلىنسا، بۇنىڭدىكى «راء» قېلىن ئوقۇلغانغا ئوخشاش؛ «راء»نىڭ ھەرىكىتى زىرلىك بولسا، «راء» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱلۡفَجۡرِ﴾ روم بويىچە وقف قىلىنسا، بۇنىڭدىكى «راء» ئىنچىكە ئوقۇلغانغا ئوخشاش②.

## توققۇزىنچى دەرس تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «ميم»غا دائىر قائىدىلەر

**1 ـ قائدە:** «ميم» تەشدىدلىك بولسا، غۇننە چىقىرىپ ئوقۇلىدۇ.

---

① زەبەرنى روم بويىچە وقف قىلغىلى بولمايدۇ. زەبەرلىك «راء» وقف قىلىنغاندا، مۇتلەق ساكىنلىق ھالەتتە وقف قىلىنىدۇ ھەممىدە مۇتلەق ساكىنلىق ھالەتتىكى وقفگە ئائىت ھۆكۈملەر جارى بولىدۇ. قوش زىرلىك ۋە قوش پىشلىك «راء»نىڭ ئەھۋالى زىرلىك ۋە پىشلىك «راء»نىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. ئەمما، قوش زەبەرلىك «راء» وقف قىلىنسا، تەنۋىننىڭ ساكىنلىق «نون»ى «الف»قا ئالماشتۇرىلىدۇ.

② بۇ قائىدە قىسقا قىلىپ ئېيتىلسا، مۇنداق بولىدۇ: وقف بالرَوْمدىكى زىرلىك «راء» ئىنچىكە، پىشلىك «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك وصلدىمۇ زىرلىك «راء» ئىنچىكە، پىشلىك «راء» قېلىن ئوقۇلىدۇ. شۇڭا، وقف بالرَوْمدىكى «راء»نىڭ ئەھۋالى وصلدىكى «راء»نىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ.

غۇننە ھەرپلىرى[1] تەلەپپۇز قىلىنغاندا، دىماغدا ھاسىل بولىدىغان بىر خىل يېقىملىق تاۋۇش ــــ غۇننە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «لَمَّا»دىكى «مـــيم»نى تەلەپپۇز قىلغاندا، دىماغدا ھاسىل بولغان تاۋۇشقا ئوخشاش.

**مۇھىم نۇقتا:** غۇننىنىڭ مىقدارى بىر «الف»تۇر[2].

**2 ـ قائىدە:** ساكىنلىق «ميم»دىن كېيىن، «ميم» ھەرپى كەلسە، ئۇلار ئىدغام[3] قىلىنىدۇ، يەنى ئىككى «مـــيم» كىرىشتۇرۇلۇپ، ساكىنلىق «ميم» تەشدىدلىك «ميم»غا ئوخشاش غۇننە

---

① غۇننە ھەرپى دېگىنىمىزدە، تەشدىدلىك «ميم»، غۇننە قىلىش شەرتلىرى ھازىرلانغان ساكىنلىق «ميم»، تەشدىدلىك «نون» ۋە غۇننە قىلىش شەرتلىرى ھازىرلانغان ساكىنلىق «نـــون» بىلەن تەنۋىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەرپلەردە غۇننىنى ئىزھار قىلىش زۆرۈردۇر.

② «الف»نىڭ مىقدارى ئېچىقلىق ھالەتتىكى بارماقنى يۇمۇش ياكى يۇمۇقلۇق ھالەتتىكى بارماقنى ئېچىشقا كەتكەن ۋاقىتنىڭ مىقدارىغا تەڭدۇر. بۇ بىر ئاددى مۆلچەر. قالغىنى ماھىر بىر ئۇستازنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەلىي ئاڭلاشقا باغلىق.

تەجۋىد ئۆلىمالىرى غۇننىنىمۇ تەبىئىي مەدكە ئوخشاش بىر «الـــف»، يەنى ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك ھەم كەممۇ بولماسلىق لازىم، دەپ بەلگىلەشتى. غۇننىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يەنە ئازغىنە تىراخى (مۆھلەت) زۆرۈر بولىدۇ. لېكىن تىراخىدا مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. («تەمھىد»)

شۇنداقلا، غۇننە چىقىرىمەن دەپ «ميم»نىڭ ئالدىغا مەد ھەرپى پەيدا قىلىپ قويۇشتىنمۇ ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن: ﴿لَمَّا﴾نى «لَامَّا»، ﴿مِمَّ﴾نى «مِيْمَّ» دەپ ئوقۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

③ بىرى ساكىنلىق، يەنە بىرى ھەرىكەتلىك ھەممە بىر جىنىستىن بولغان ئىككى ھەرپنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، بىرلا تەشدىد بىلەن ئورۇنداش ــــ ئىدغام دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى ھەرپ مُدْغَمٌ، ئىككىنچى ھەرپ مُدْغَمٌ فِيْهِ دېيىلىدۇ.



چىقىرىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِلَيۡكُم مُّرۡسَلُونَ﴾. بۇ ئىدغام صَغِيْر مِثْلَيْنِ دەپ ئاتىلىدۇ[1].

**3 ـ قائىدە:** ساكىنلىق «ميم»دىن كېيىن «باء» ھەرپى كەلسە، غۇننىلىك إخفاء[2] قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

غۇننىلىك إخفاء قىلىنغان «مـــيم» ئىككى لەۋنىڭ قۇرغاق قىسمىنى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە چاپلاش بىلەن، غۇننە سۈپىتىنى بىر «الـــف» مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ، دىماغدىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ[3]. ئۇنىڭ كەينىدىنلا، لەۋلەرنى ئاجرىتىشتىن ئىلگىرى، ئىككى لەۋنىڭ نەم قىسمىنى قاتتىقلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە چاپلاپ «بـــاء» ھەرپى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ[4]. مەسىلەن: ﴿وَمَن يَعۡتَصِم بِٱللَّهِ﴾. «ميم»نى بۇنداق إخفاء بىلەن تەلەپپۇز قىلىش إخفاء شَفَوِى دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① إدغام صغير مثلين «ميم»گىلا خاس بولغان ئاتالغۇ ئەمەس. بەلكى، قايسىبىر ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ ھەرپ كېلىپ، ئۇلار ئىدغام قىلىپ ئوقۇلسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا إدغام صغير مثلين دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَّن نَّشَآءُۗ﴾، ﴿إِذ ذَّهَبَ﴾، ﴿فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ﴾لارغا ئوخشاش.

② ھەرپنى ئوچۇق تەلەپپۇز قىلماي، يوشۇرغان ھالەتتە دىماغدىن تەلەپپۇز قىلىش ــــ إخفاء دېيىلىدۇ. غۇننە چىقىرىش بىلەن ئورۇندىلىدىغان إخفاء ــــ غۇننىلىك إخفاء دېيىلىدۇ.

③ بۇنىڭدىن مەقسەت، «ميم»دىكى إخفاءنى ئورۇنداش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت، يەنى «ميم»نى إِطباق شـــفتين بىلەن تازا ھىملاشتۇرۇپ ئورۇندىماي، بەلكى ئىككى لەۋنى بىر ـ بىرىگە يۇمشاقلىق بىلەن چاپلاپ ئورۇنداش لازىم. بۇنىڭدا غۇننە تېخىمۇ ياخشى ئىزھار قىلىنىدۇ.

④ «باء» ھەرپى بىلەن «ميم» ھەرپى شفتينگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساكىنلىق «مىم» مەزكۇر ئىككى ھەرپتىن باشقىسىغا يولۇقسا، ئۇز مەخرىجىدىن غۇننىسىز ھالەتتە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿ أَنْعَمْتَ ﴾. «مىم»نى بۇنداق ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىش إِظهار شَفَوِى دەپ ئاتىلىدۇ.

**دىققەت:** بەزى قارىلار «واو» بىلەن «فاء»مۇ إخفاء ۋە إِظهاردا «باء»گە ئوخشاش دەپ قاراپ، مەزكۇر قائىدىنى «بوف» قائىدىسى دەپ ئاتىشىپ، بەزىلەر ئۇچىلىسىدە إخفاء قىلسا، بەزىلەر ئۇچىلىسىدە إِظهار قىلغان. بۇنىڭ بىرىنچىسى پۈتۈنلەي خاتا، ئىككىنچىسى زەئىپتۇر.

## ئونىنچى دەرس تەشدىدلىك ۋە ساكىنلىق «نون»غا دائىر قائىدىلەر

ئالتىنچى دەرسىمىزدە تەنۋىننىڭمۇ ساكىنلىق «نون» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ تۆۋەندىكى قائىدىلەردە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

1 ـ **قائىدە:** «نون» تەشدىدلىك بولسا، تەشدىدلىك «مىم»غا ئوخشاش غۇننە چىقىرىپ ئوقۇلىدۇ[1].

① بۇنىڭدىمۇ، غۇننە چىقىرىمەن دەپ، «نون»نىڭ ئالدىغا مەد ھەرپى پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن: ﴿إِنَّ﴾نى «اِيــنَّ» دەپ ئوقۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.



2 ـ **قائىدە:** ساكىنلىق «نون» ياكى تەنۋىندىن كېيىن حلق ھەرپلىرىدىن بىرەرسى كېلىپ قالسا، «نون» غۇننىسىز ھالدا، ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئىزھار قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى، «نون»نىڭ مەخرىجى بۇ ھەرپلەرنىڭ مەخرىجىدىن يىراق بولغانلىقىدۇر. مەسىلەن: ﴿أَنْعَمْتَ﴾، ﴿سَوَآءٌ عَلَيْهِمْ﴾لاردىكى ساكىنلىق «نون» ۋە تەنۋىنگە ئوخشاش.

حلق ھەرپلىرى بۇ مىسرادىكى كەلىمىلەرنىڭ باش ھەرپلىرىدۇر:

أَخِي هَاكَ عِلْمًا حَازَهُ غَيْرُ خَاسِرِ

يەنى «ء»، «ھ»، «ع»، «ح»، «غ»، «خ»دىن ئىبارەت ئالتە ھەرپتۇر.

«ء»نىڭ مىسالى: ﴿وَيَنْـَٔوْنَ عَنْهُ﴾، ﴿غُثَآءً أَحْوَىٰ﴾.
«ھاء»نىڭ مىسالى: ﴿مِنْهُم﴾، ﴿وَلِكُلِّ قَوْمٍ هَادٍ﴾.
«عين»نىڭ مىسالى: ﴿مِنْ عِلْمٍ﴾، ﴿حَكِيمٌ عَلِيمٌ﴾.
«حاء»نىڭ مىسالى: ﴿مَنْ حَرَّمَ﴾، ﴿عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾.
«غين»نىڭ مىسالى: ﴿فَسَيُنْغِضُونَ﴾، ﴿نُزُلاً مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ﴾.
«خاء»نىڭ مىسالى: ﴿وَٱلْمُنْخَنِقَةُ﴾، ﴿مِّنْ خَيْرٍ﴾.

3 ـ **قائىدە:** ساكىنلىق «نون» ياكى تەنۋىندىن كېيىن، «يَرْمَلُوْنَ»دىكى ئالتە ھەرپنىڭ بىرەرسى كېلىپ قالسا، «نون» شۇ ھەرپكە ئالماشتۇرۇلۇپ، إدغام قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مِن لَّدُنْهُ﴾دىكى «نون»غا ئوخشاش[1].

① گەرچە يېزىقتا «نون» ئۆز پېتى ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇلۇشتا «لام» قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

مەزكۇر ئالتە ھەرپنىڭ تۈتىدە، «نون» غۇننىلىك ئىدغام قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ غۇننىمۇ باشقا جايدىكى غۇننىلەرگە ئوخشاش ئىككى ھەرىكەت مىقدارى داۋاملاشتۇرىلىدۇ. بۇ تۆت ھەرپ بولسا «يَنْمُو» ياكى «يُوْمِنُ» كەلىمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ھەرپلەردۇر. مەسىلەن: ﴿ مَن يُؤْمِنُ ﴾، ﴿ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ ﴾[1] قاتارلىقلاردىكى «نون» غۇننىلىك ئىدغام قىلىنغانغا ئوخشاش. بۇ، إدغام مع الغنّة (غۇننىلىك ئىدغام) دەپ ئاتىلىدۇ. قالغان ئىككى ھەرپتە، يەنى «راء» بىلەن «لام»دا، «نون» غۇننىسىز ئىدغام قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿ مِن لَّدُنْهُ ﴾دىكى «نون» غۇننىسىز ئىدغام قىلىنغانغا ئوخشاش[2]. بۇ، إدغام بِلَا غُنَّة (غۇننىسىز ئىدغام) دەپ ئاتىلىدۇ.

بىراق، بۇ إدغامنىڭ بىر شەرتى شۇكى، مەزكۇر ھەرپلەر «نون» بىلەن بىر كەلىمىدە بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر «نون» بىلەن بىر كەلىمىدە بولۇپ قالسا، «نون» إدغام قىلىنمايدۇ، ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿ ٱلدُّنْيَا ﴾، ﴿قِنْوَانٌ﴾، ﴿صِنْوَانٌ﴾، ﴿ بُنْيَٰنٌ ﴾. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە مەزكۇر شەرتكە مۇخالىف كېلىدىغان كەلىمىلەردىن مۇشۇ تۆتىلا تېپىلىدۇ. بۇ، إِظهار مُطْلَق دېيىلىدۇ.

4 ـ قائىدە: ساكىنلىق «نون» ياكى تەنۋىندىن كېيىن «باء» ھەرپى كېلىپ قالسا، «نون» «ميم»غا ئالماشتۇرۇلۇپ، غۇننىلىك

---

[1] ﴿ مِن وَالٍ ﴾، ﴿ يَوْمَئِذٍ وَاهِيَةٌ ﴾، ﴿ مِّن مَّآءٍ مَّهِينٍ ﴾، ﴿ مَن نَّشَآءُ ﴾، ﴿ أَمَنَةً نُّعَاسًا ﴾.

[2] بۇ يەردىكى «نون»نى تەلەپپۇز قىلغاندا، دىماغدىن ئازراقمۇ تاۋۇش چىقىرىلىـ ـماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي «لام»غا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.



إخفاء قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ مِّنْ بَعْدِ ﴾، ﴿ لَيُنْبَذَنَّ ﴾، ﴿ سَمِيعٌ بَصِيرٌ ﴾لارغا ئوخشاش. بۇ، إِقْلَاب ياكى قَلْب دەپ ئاتىـ ـلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مۇنداق «نون» ۋە تەنۋىندىن كېيىن كىچىككىنە «م» بەلگىسى يېزىپ قويۇلىدۇ. يۇقىرىدىكى مىساللارغا ئوخشاش.

5 ـ قائىدە: ساكىنلىق «نون» ۋە تەنۋىن بۇ شېئىردىكى كەلىمىلەرنىڭ باش ھەرپلىرىگە يولۇقسا، غۇننىلىك إخفاء قىلىپ ئوقۇلىدۇ:

صِفْ ذَا ثَنَا كَمْ جَادَ شَخْصٌ قَدْ سَمَا * دُمْ طَيِّبًا زِدْ فِيْ تُقًي ضَعْ ظَالِمَا

يەنى، «ص»، «ذ»، «ث»، «ك»، «ج»، «ش»، «ق»، «س»، «د»، «ط»، «ز»، «ف»، «ت»، «ض»، «ظ»دىن ئىبارەت 15 ھەرپتۇر.
مىسال: ﴿ مِن صَلْصَٰلٍ ﴾، ﴿ مَن ذَا ٱلَّذِى ﴾، ﴿ وَٱلْأُنثَىٰ بِٱلْأُنثَىٰ ﴾، ﴿ خَوَّانٍ كَفُورٍ ﴾، ﴿مِن مُّوصٍ جَنَفًا ﴾، ﴿ مَنشُورًا ﴾، ﴿ دِينًا قِيَمًا ﴾، ﴿مِنسَأَتَهُۥ﴾، ﴿ وَمَا مِن دَآبَّةٍ ﴾، ﴿مِن طَيِّبَٰتِ ﴾، ﴿فَإِن زَلَلْتُم ﴾، ﴿يُنفِقُ مَالَهُۥ ﴾، ﴿حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا﴾، ﴿ مَّنضُودٍ ﴾، ﴿مَن ظُلِمَ﴾لارغا ئوخشاش.

ساكىنلىق «نون»دىن كېيىن «الف» كېلەلمىگەچكە، ئۇ مەزكۇر 15 ھەرپ قاتارىدا سانالمايدۇ.

غۇننىلىك إخفاء قىلىنغان ساكىنلىق «نون» ياكى تەنۋىن، ئەسلى مەخرەجىدىن (تىل ئۇچى ۋە يۇقىرىقى تاماقتىن) ئايرىم

تۇتۇلۇپ، ئىدغاممۇ، ئىزھارمۇ قىلىنماستىن، تاۋۇش دىماغدا يوشۇرۇلۇپ، بىر «ئەلىف» مىقدارى غۇننە چىقىرىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## ئون بىرىنچى دەرس مەد ھەرپلىرىگە دائىر قائىدىلەر

مەد ھەرپلىرى① تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاسىل بولىدىغان تاۋۇشنىڭ سوزۇلۇش ھالىتى ـــ مەد دەپ ئاتىلىدۇ.

مەدنىڭ مىقدارى «ئەلىف» مىقدارى ياكى ھەرىكەت مىقدارى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنىڭ قانچىلىك مىقدار ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش بەكمۇ مۇھىم.

«ئەلىف» مىقدارى ـــ «ئەلىف»نى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشقا كەتكەن ۋاقىتقا تەڭ مىقدار بولۇپ، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئېچىقلىق ھالەتتىكى بارماقنى يۇمۇش ياكى يۇمۇقلۇق ھالەتتىكى بارماقنى ئېچىشقا كەتكەن ۋاقىتقا تەڭدۇر②.

① زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ئەلىف»، پېشلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ۋاۋ» ۋە زېرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ياء»دىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھەرپ ـــ مەد ھەرپى دېيىلىدۇ. «ھەرپلەرنىڭ مەخرەجلىرى» دېگەن دەرسىمىزدە بايان قىلىنغاندەك، «ئەلىف»قا ھەمىشە ئۆزى ساكىنلىق، ئالدى زەبەرلىك كېلىشتىن ئىبارەت بىرلا ھالەت بار.

② ئېچىش ياكى يۇمۇش تېزمۇ، ئاستىمۇ بولماسلىقى كېرەك.



ھەرىكەت مىقدارى ـــ ھەرىكەتنى① ئۆلچەملىك ئورۇنداشقا كەتكەن ۋاقىتقا تەڭ مىقدار بولۇپ، «ئەلىف» مىقدارىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. يەنى ئېچىقلىق ھالەتتىكى بارماقنى يۇمۇش ياكى يۇمۇقلۇق ھالەتتىكى بارماقنى ئېچىشقا كەتكەن ۋاقىت ئىككى ھەرىكەت مىقدارىغا تەڭدۇر.

دېمەك، «ئەلىف» مىقدارى بىلەن ھەرىكەت مىقدارىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق بولىدۇ: بىر «ئەلىف» مىقدارى ئىككى ھەرىكەت مىقدارىغا تەڭدۇر②.

مەدنىڭ مىقدارى يەنە «طُول»، «توسُّط»، «قَصْر» دېگەن ئايرىم ئاتالغۇلار بىلەنمۇ كېلىدۇ. طُول ـــ ئۈچ «ئەلىف» (يەنى ئالتە ھەرىكەت) مىقدارىنى، توسُّط ـــ ئىككى «ئەلىف» (يەنى تۆت ھەرىكەت) مىقدارىنى، قَصْر ـــ بىر «ئەلىف» (يەنى ئىككى ھەرىكەت) مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەد ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مد طبيعى (تەبىئىي مەد). 2) مد فرعى (قوشۇمچە مەد).

① زەبەر، زېر، پېش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھەرىكەت دېيىلىدۇ.

② ئەمما، بۇ دەرسىمىزدە كېلىدىغان «ئەلىف» مىقدارى بولسا، بىر نىسبىي مىقداردۇر. چۈنكى، مۇئەللىف بىر «ئەلىف» مىقدارىدىن بەزىدە بىر ھەرىكەت مىقدارىنى مەقسەت قىلسا، بەزىدە ئىككى ھەرىكەت مىقدارىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك ئوقۇشماسلىق ۋە ئىختىلاپلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇئەللىفنىڭ شۇ يەردىكى «ئەلىف» مىقدارىدىن نەچچە ھەرىكەت مىقدارىنى كۆزدە تۇتقانلىقى سىزىقچە ئاستىدىكى ئىزاھاتتا ئەسكەرتىلدى.

**مد طبيعىنىڭ قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:**

1ـ **قائىدە:** مد طبيعى ــــ مەد ھەرپلىرىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتى بولۇپ، مد فرعىدە بولىدىغان ھالەتلەر①دىن بىرىمۇ ھازىرلانماي، پەقەت مەد ھەرپىلا كەلگەن مىتۇر. ئۇ، بىر «الف» (يەنى ئىككى ھەرىكەت) مقداردا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

مد طبيعى ھەرپلىرىدىن «واو»نىڭ مىسالى: ﴿وُجُوهُ ٱلَّذِينَ﴾، «الف»نىڭ مىسالى: ﴿ قَالَ إِنِّي عَبۡدُ ٱللَّهِ﴾، «ياء»نىڭ مىسالى: ﴿وَقِيلَ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَالَمِينَ﴾دۇر.

2ـ **قائىدە:** ھەمزىدىن كېيىن مەد ھەرپى كەلسە، مد طبيعىگە ئوخشاش بىر «الف»، يەنى ئىككى ھەرىكەت مقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ﴾، ﴿أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ﴾، ﴿كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡإِيمَٰنَ﴾، ﴿وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٞ قَنُوطٞ ﴾. بۇ، مَدّ بَدَل دەپ ئاتىلىدۇ.

3ـ **قائىدە:** كەينىدە ھەمزە بولمىغان زەبەرلىك تەنۋىن ئوقۇلغان ئىسىمدا وقف قىلماقچى بولسا، تەنۋىن «الف»قا ئالماشتۇرۇلۇپ، مد طبيعىگە ئوخشاش بىر «الف»، يەنى ئىككى ھەرىكەت مقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾، ﴿وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا﴾، ﴿ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فِرَٰشًا ﴾. بۇ، مَدّ عِوَض دەپ ئاتىلىدۇ.

① مەد ھەرپىدىن كېيىن ھەمزە، ياكى ساكىن، ياكى تەشدىد كېلىش قاتارلىقلارنى دېمەكچى.



**دىققەت:** مد طبيعى بىر «الف» (ئىككى ھەرىكەت) مقداردىن كېمەيتىپ ئوقۇلسا، مەد ھەرپى ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالالماي، زەبەر، پەش، ياكى زىرلا ئوقۇلۇپ قېلىپ، مەد ھەرپلىرى تاشلىنىپ قالغانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

**مد فرعىنىڭ تەقسىمى تۆۋەندىكىچە:**

مد فرعى ــــ مەد ھەرپلىرىنىڭ قوشۇمچە خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ھەر خىل ھالەتلەردە، ھەر خىل ھۆكۈمدە بولىدۇ. ئۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مدّ واجب. 2) مدّ لازِم. 3) مدّ جائِز.

مد واجب ــــ مد مُتَّصِلدىن ئىبارەت بىرلا قىسىمدۇر.

مد لازم تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مد كَلمِى مُخَفَّف. 2) مد كلمى مُثَقَّل. 3) مد حرفى مخفّف. 4) مد حرفى مثقَّل. بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدە مەد ــــ كەلىمىدە بولىدۇ، كېيىنكى ئىككىسىدە مەد ــــ ھەرپتە بولىدۇ.

مد جائز تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مَدّ مُنْفَصِل. 2) مد صِلَة كُبْرٰي. 3) مد عَارِض وَقْفِى. 4) مد عارض لِين.

بۇلار تۆۋەندىكى قائىدىلەردە مۇپەسسەل بايان قىلىنىدۇ.

1ـ **قائىدە:** بىر كەلىمە ئىچىدە مەد ھەرپىدىن كېيىن ھەمزە (ء) كەلسە، ئۈچ «الف» ياكى تۆت «الف»① مقدارى سوزۇپ

① مد متّصلنىڭ سوزۇلۇش مقدارىدا ئىككى خىل قاراش بار: بىر خىل قاراشتا تۆت «الف» مقدارى، يەنە بىر خىل قاراشتا بەش «الف» مقداردۇر. بۇ كىتاب ئىمام ھەفسىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان. ئىمام ھەفسىنىڭ

ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ﴾، ﴿مِنَ ٱلسَّمَآءِ﴾، ﴿سِيٓـَٔتۡ وُجُوهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾. بۇ، مَدّ مُتَّصِل (تۇتاشقان مەد) ياكى مد واجب (ۋاجىب مەد) دېيىپ ئاتىلىدۇ①.

2 ـ قائىدە: مەد ھەرپى بىرىنچى كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئىككىنچى كەلىمىنىڭ بېشىدا ھەمزە (ء) كەلگەن بولسا ھەمدە بىرىنچى كەلىمىدە وقف بولمىسا، بۇ مەد ھەرپىمۇ ئۈچ «الف» ياكى تۆت «الف» مىقدارىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ②. مەسىلەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ﴾، ﴿إِنَّآ أَعۡطَيۡنَـٰكَ﴾، ﴿ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم﴾، ﴿قَالُوٓاْ ءَامَنَّا﴾. بۇ، مَدّ مُنْفَصِل (ئايرىلغان مەد) ياكى مَدّ جَائِز③ دېيىپ ئاتىلىدۇ.

---

رىۋايىتىدە: مد متصلدا توسُّط جائىز، طُول جائىز ئەمەس. توسُّط ئەڭ زىيادە بولغاندا بەش «الف» مىقدارىدا بولىدۇ. ئەگەردە بىر «الف» زىيادە بولۇپ كەتسە، يەنى ئالتە «الف» مىقدارىدا بولۇپ كەتسە، بۇ، طُول بولۇپ قالىدۇ، دېيىلگەن. ئىمام ھەفسىنىڭ بۇ يەردىكى بىر «الف» مىقدارىدىن مەقسەت قىلغىنى بىر ھەرىكەت مىقدارىدۇر.

مۇئەللىفمۇ مد متّصل ۋە مد منفصلدە بىر «الف» مىقدارىدىن بىر ھەرىكەت مىقدارىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، مد متّصل ۋە مد منفصلدە مەدنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارىدىن زىيادە بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

① السبب فى مده أي فى المد المتصل انَّ حرف المدِّ ضعيفٌ خفيٌّ والهمزُ قويٌّ شديدٌ فزيد فى حرف المد تقويةً لضعفه لانه جَاوَرَ القويَّ والجارُ يتأثر بالمجاوِرِ فسببه الهمز.

② ئىمام ھەفسىنىڭ ئۇسۇلى (طريق جزرى)دا مد منفصلَدە توسُّطمۇ، قَصْرِمۇ جائىز. ئەمما، شاتىبىينىڭ ئۇسۇلىدا مد متصلغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىمۇ توسُّط زۆرۈردۇر.

③ تسمى بالجائز لان بعض الائمة لايوجبه. السبب فى مده أي فى المد المنفصل ما تقدم فى المد المتصل، اوأن يقالَ إن الهمزة ثقيلةٌ فى النطق لانها حرفٌ شديدٌ مجهورٌ فزيد المدُّ قبلها للتمكُّن من النطق بها.



دىققەت: ضمير (ئالماش) ياكى كىنايە ئۈچۈن كەلگەن «ـه»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، شۇنداقلا «ـه»دا وقف بولۇپ قالمىسا ھەمدە كەينىدە ئۈزۈك ھەمزە كېلىپ قالمىسا، «ـه»نىڭ ئارقىسىدىن ساكىنلىق «واو» ياكى ساكىنلىق «ياء»① قىياس قىلىنىپ، مد طبيعىگە ئوخشاش بىر «الف» (ئىككى ھەرىكەت) مىقدارىدا سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّهُۥ بِكُلِّ﴾، ﴿لَّهُۥ مَا﴾، ﴿فَٱضۡرِب بِّهِۦ وَلَا تَحۡنَثۡ﴾لارغا ئوخشاش. بۇ، مد صِلَة صُغْرَى دېيىپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر «ـه»دىن كېيىن همز قطع (ئۈزۈك ھەمزە) كەلسە ھەمدە «ـه»نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، شۇنداقلا «ـه»دا وقف بولۇپ قالمىسا، «ـه»نىڭ ئارقىسىدىن ساكىنلىق «واو» ياكى ساكىنلىق «ياء» قىياس قىلىنىپ، مد منفصلگە ئوخشاش ئۈچ «الف» ياكى تۆت «الف»② مىقدارى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قَالَ ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ﴾، ﴿أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخۡلَدَهُۥ﴾، ﴿ٱشۡدُدۡ بِهِۦٓ أَزۡرِي﴾لارغا ئوخشاش. بۇ، مد صِلَة كُبْرَى دېيىپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر «ـه»نىڭ ئالدى ياكى كەينىدىكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ قالسا ياكى «ـه»دا وقف بولۇپ قالسا، «ـه»نىڭ

---

① «ـه» پېشلىك بولسا، ساكىنلىق «واو» ﴿إِنَّهُۥ﴾غا ئوخشاش؛ «ـه» زىرلىك بولسا، ساكىنلىق «ياء» قىياس قىلىنىدۇ ﴿بِهِۦ﴾غا ئوخشاش.

② مد منفصلگە ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ بىر «الف»تىن بىر ھەرىكەت مەقسەت قىلىنىدۇ ھەمدە مەدنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن ساكىنلىق «واو» ياكى ساكىنلىق «ياء»نى قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق «ه»دا ھېچقانداق مەد بولمايدۇ. مەسىلەن: ﴿مِنۡهُ ءَايَٰتٌ﴾، ﴿لَهُ ٱلۡمُلۡكُ﴾، ﴿وَلَهُ ٱلدِّينُ وَاصِبًا﴾لارغا ئوخشاش.

3 ـ قائىدە: بىر كەلىمە ئىچىدە مەد ھەرپىدىن كېيىن، تەشدىدسىز سۇكۇنى ئەسلى بولغان (وقف سەۋەبىدىن ساكىنلىق بولمىغان) ساكىنلىق ھەرپ كەلسە، بۇ مەد ھەرپى ئۈچ «الف»[1] مىقداردا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ﴾، ﴿ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ عَصَيۡتَ قَبۡلُ﴾[2]غا ئوخشاش. بۇ، مەد لازىم كَلِمِى مُخَفَّف دەپ ئاتىلىدۇ.

4 ـ قائىدە: بىر كەلىمە ئىچىدە مەد ھەرپىدىن كېيىن تەشدىدلىك سۇكۇنى ئەسلى بولغان ھەرپ كەلسە، بۇ مەد ھەرپى ئۈچ «الف» مىقداردا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَا ٱلضَّآلِّينَ﴾، ﴿ٱلۡحَآقَّةُ ۝١ مَا ٱلۡحَآقَّةُ ۝٢ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحَآقَّةُ﴾، ﴿ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمۡ﴾، ﴿فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ ٱلۡكُبۡرَىٰ﴾، ﴿أَتُحَـٰٓجُّوٓنِّي﴾لارغا ئوخشاش. بۇ، مەد لازىم كىلمى مثقّل دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① مۇئەللىف مەد لازىم كىلمى مخفف بىلەن مەد لازىم كىلمى مثقّلدە بىر «الف» مىقداردىن ئىككى ھەرىكەت مىقدارىنى مەقسەت قىلىدۇ، يەنى مەد لازىم كىلمى مخفف بىلەن مەد لازىم كىلمى مثقّل ئالتە ھەرىكەت مىقداردا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

② (ئىمام ھەفس ﷺنىڭ رىۋايىتى بويىچە) پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە مەد لازىم كىلمى مخففنىڭ مىسالى مۇشۇ بىرلا كەلىمدۇر. ئۇ «سۈرە يۇنۇس»تا ئىككى يەردە كېلىدۇ. (51- ۋە 91- ئايەتتە).



5 ـ قائىدە: سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ھەرپىنىڭ نامى بويىچە ئوقۇلىدىغان كەسمە ھەرپلەر[1] ـــ حُرُوْف مُقَطَّعَة دەپ ئاتىلىدۇ.

حُرُوْف مُقَطَّعَةنىڭ ئىچىدىكى تەركىبىدە مەد ھەرپى بولمىغانلىرىنى بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلمايمىز[2]. مەد ھەرپى بولغانلىرى ئىككى خىلدۇر: بىرى، ئىككى ھەرپلىك. مەسىلەن: «طا»، «ها» دېگەندەك؛ يەنە بىرى، ئۈچ ھەرپلىك. مەسىلەن: «لام»، «ميم»، «قاف» «نون» دېگەندەك.

ئىككى ھەرپلىك بولغانلىرى جەمئىي بەش ھەرپتۇر: «طا»، «ها»، «يا»، «حا»، «را». بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەد ھەرپى بولغانلىقتىن ھەمدە مەد فرعىگە ئائىت ھالەتلەر تېپىلمىغانلىقتىن، بۇلاردىكى مەد ـــ مەد طبيعى بولىدۇ. شۇڭا، بىر «الف» (ئىككى ھەرىكەت) مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئۈچ ھەرپلىك بولغانلىرى جەمئىي يەتتە ھەرپتۇر: «نون»، «قاف»، «صاد»، «سين»، «لام»، «كاف»، «ميم». بۇلاردا بىر كەلىمە ئىچىدە مەد ھەرپىدىن كېيىن ئەسلى سۇكۇنلۇق بولغان ساكىنلىق ھەرپ ياكى تەشدىدلىك ھەرپ كەلگەنلىكتىن، بۇلاردىكى مەد ـــ مەد لازىم بولىدۇ. شۇڭا، ئۈچ «الف» (ئالتە ھەرىكەت) مىقداردا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

---

① مەسىلەن: «سۈرە بەقەرە»نىڭ بېشىدىكى ﴿الٓمٓ﴾غا ئوخشاش.

② مەسىلەن: ﴿الٓمٓ﴾دىكى «ا»قا ئوخشاش، يەنى «ا» ھەرپ نامى بويىچە ئوقۇلسا، «اَلِفْ» بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەرپلەر ـــ «ء، ل، ف» ئىچىدە ھېچقانداق مەد ھەرپى يوق.

حُرُوْف مُقَطَّعَةنىڭ مەد ھەرپى بارلىرىدىن كېيىن تەشدىدلىك بولمىغانلىرى، يەنە ئەسلى سۇكۇن بولغانلىرى ـــ مەد حرفى مخفّف دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ نٓ وَٱلْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُونَ ﴾، ﴿ صٓ وَٱلْقُرْءَانِ ذِى ٱلذِّكْرِ ﴾؛ حُرُوْف مُقَطَّعَةنىڭ مەد ھەرپى بارلىرىدىن كېيىن تەشدىدلىك بولغانلىرى ـــ مد حرفى مثقّل دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ الٓمٓ ﴾، ﴿ الٓمٓصٓ ﴾. بۇنىڭدا «لام»نى كېيىنكى «ميم»گە بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغاندا، ئاخىردا تەشدىد پەيدا بولىدۇ.

**دىققەت (1): مقطّعات ھەرپلىرىنىڭ ئىچىدە،** تەركىبىدە مەد ھەرپى بولغان ئىككى ھەرپلىكلىرى مد طبيعى بىلەن، ئۈچ ھەرپلىكلىرى بولسا، مەد لازىم بىلەن ئوقۇلۇشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما، ئۈچ ھەرپلىك مقطعاتنىڭ ئىچىدە يەنە ئوتتۇرىسىدا مەد ھەرپى يوقلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ﴿ كٓهيعٓصٓ ﴾تىكى «عىين»گە ئوخشاش. بۇنداق مقطعاتتا مەد بولۇش ئومۇمىي قائىدىگە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا، مەد قىلىنمىسا ئەڭ دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، مەد قىلىش[1] جائىز. ئەگەردە مەد قىلىنسا، بۇ، مد لازم لين[2] دەپ ئاتىلىدۇ.

① ئىبنى مۇجاھىد ۋە ئەھلى ئادانىڭ كۆپ ساندىكى كاتتىلىرىنىڭ مەزھىپىدە طُول ئەۋزەلدۇر. ئىبنى غەلبۇن، مەككىي ۋە يەنە بىر جامائە توسُّطنىمۇ جائىز، بەلكى مستحسن ساندى. قَصْرمۇ جائىزدۇر («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 130 ـ بەت).

② مد لازم لين‌نىڭ مىسالى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە پەقەت «عىين» ھەرپىلا بولۇپ، ئۇ ئىككى جايدا كېلىدۇ. بىرى، «سۈرە مەريەم»دە ﴿ كٓهيعٓصٓ ۝١ ﴾ يەنە بىرى، «سۈرە شۇرا»دا ﴿حمٓ ۝١ عٓسٓقٓ ۝٢ ﴾.



**دىققەت (2): حروف مقطعاتتا وقف بولسا،** مەد بويىچە ئوقۇلىدۇ. ئەگەر كېيىنكى كەلىمىگە ئۇلاپ ئوقۇسا مەد قىلىش، قىلماسلىق ئىككىلىسى جائىزدۇر. مەسىلەن: «سۈرە ئال ئىمران»دا ﴿الٓمٓ ۝١ ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ﴾دىكى «ميم»نى ﴿الله﴾ دېگەن كەلىمىگە ئۇلاپلا ئوقۇسا مەد قىلىش، قىلماسلىقتا ئىختىيارلىق[1] بار.

**6 ـ قائىدە: مەلۇم بىر كەلىمىدىكى** مەد ھەرپىدىن كېيىن سۇكۇنى ئەسلى بولمىغان (وقف سەۋەبلىك ساكىنلىق بولۇپ قالغان) ساكىنلىق ھەرپ كەلسە، ئۈچ «الف» مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. ئىككى «الف» ياكى بىر «الف» مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇشمۇ جائىز. مەسىلەن: ﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴾دىكى «ياء»دا كەلگەن مەدكە ئوخشاش. بۇ، مدّ وَقْفِى ياكى مد عَارِض للسكون دەپ ئاتىلىدۇ.

مد عَارِض وَقْفِىدە طُول ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۇنىڭدىن قالسا توسُّط، ئۇنىڭدىن قالسا قَصْردۇر.

تىلاۋەت داۋامىدا ئىزچىللىقنى ساقلاش كېرەك. يەنى مەزكۇر ئۈچ ئۇسلۇبتىن مەلۇم بىرسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. بىردەم طُول قىلىپ، بىردەم توسُّط قىلىپ، بىردەم قَصْر قىلىپ ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، مەد ھەرپى بار كەلىمىدە وقف بولسىلا، مد عَارِض بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر ﴿غَفُورًا﴾،

① طُول ۋە قَصْر ئىككىسى جائىز، توسُّط ناھايىتى زەئىپتۇر («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 130 ـ بەت).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

﴿شَكُورًا﴾①دە ۋەقف قىلغاندا، مەد عارِض چىقىرىپ ئوقۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە مد عارِضنىڭ ھالەتلىرى ھازىرلانمىغاندۇر. شۇڭا، بۇنداق كەلىمىلەردە ۋەقف كەلگەن تەقدىردىمۇ، مەد ھەرپلىرى يەنىلا مد طبيعى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ.

**دىققەت:** زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «واو» ۋە زەبەرلىك ھەرپنىڭ كەينىدە كەلگەن ساكىنلىق «ياء»دىن كېيىن ۋەقف سەۋەبلىك ساكىنلىق بولغان ھەرپ كەلسە، ئۇنىمۇ مدّ عارض وَقْفِيگە ئوخشاش ئۈچ «الف»، ياكى ئىككى «الف»، ياكى بىر «الف» مىقداردا سوزۇپ ئوقۇش جائىزدۇر②. مەسىلەن: ﴿وَٱلصَّيۡفِ﴾ ۋە ﴿مِّنۡ خَوۡفِۭ﴾لارغا ئوخشاش. بۇ، مد عارض لين دەپ ئاتىلىدۇ.

مد عارض لىندە قَصْر ئەڭ ئەۋزەل، ئۇنىڭدىن قالسا توسط، ئۇنىڭدىن قالسا طُولدۇر.

7 ـ **قائىدە:** «الف» ئەسلىدە ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا إِستعلاء ھەرپىدىن بىرەرسى، ياكى زەبەرلىك «راء»،

---

① يەنە بەزىلەر مۇنداق ئورۇندا «الف»تىن كېيىن ساكىنلىق ھەمزە (ء) ياكى «ە» پەيدا قىلىپ، مد متصل ياكى مد لازم قىلىپ ئوقۇيدۇ، بۇ روشەن خاتالىقتۇر.

② يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەممە مەدلەرنىڭ مىقدارى مۇنداق يىغىنچاقلىنىدۇ: مد طبيعى بىلەن مد صِلَة صُغْرٰىدا قَصْر، مد متصل، مد منفصل ۋە مد صِلَة كُبْرٰيدا توسُّط، مد لازمنىڭ تۆتلى قىسمىدا طُول بولىدۇ. مد عارض وقفى ۋە مد لين عارض قاتارلىقلاردا طُول، توسُّط، قَصْردىن ئىبارەت ئۈچىلىسى جائىزدۇر.



ياكى قېلىن ئوقۇلىدىغان «لام»① كېلىپ قالسا، «الف»مۇ قېلىن ئوقۇلىدۇ②.

قېلىن ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر قېلىن ئوقۇلۇشتا بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ③. شۇنىڭغا ماس ھالدا «الف»مۇ قېلىن ئوقۇلۇشتا ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. ھەممىدىن قېلىن ئوقۇلىدىغان ھەرپ «الله» دىگەن كەلىمىدىكى «لام»دۇر، ئۇنىڭدىن قالسا «طاء»، ئۇنىڭدىن قالسا «صاد» ۋە «ضاد»، ئۇنىڭدىن قالسا «ظاء»، ئۇنىڭدىن قالسا «قاف»، ئۇنىڭدىن قالسا «غين» ۋە «خاء»، ئۇنىڭدىن قالسا «راء»دۇر④.

## ئون ئىككىنچى دەرس ھەمزە (ء)گە دائىر قائىدىلەر

بۇ دەرستە ھەمزىگە دائىر ئىككىلا قائىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ، ھەمزىگە دائىر قائىدىلەر مۇشۇ ئىككىلا دىگەنلىك ئەمەس، قالغانلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىرائىتىدە ئانچە زۆرۈر ئەمەس.

---

① يەنى ئالدى زەبەر ياكى پېشلىك ئوقۇلغان «الله» كەلىمىسىدىكى «لام»نى دېمەكچى.

② بۇ «الف»كىلا خاس بولغان قائىدە ئەمەس. بەلكى كېيىرەككى، ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر قېلىن ئوقۇلىدىغان ھەرپلەرنىڭ كەينىدىن كەلسە، ئۇلارنى ئايرىپ ئورۇنداش قىيىن بولغانلىق ۋەجىدىن، قېلىن ھەرپكە ماسلىشىپ كېتىدۇ.

③ قېلىن ئېلىنىدىغان ھەرپنىڭ ھەممىسى ئون: إِستعلاء ھەرپلىرى يەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېلىن ئوقۇلۇشى ئەسلىدۇر. لام اسم الجلالة، «راء»، «الف»تىن ئىبارەت ئۈچىدە قېلىن ئېلىش ئەسلى ئەمەس.

قېلىن ئېلىنىدىغان ھەرپلەر تۆۋەندىكىدەك بولغاندا پەرق تېخىمۇ روشەن بولىدۇ: طَالَ، ئۇنىڭدىن قالسا ضَلَال، ئۇنىڭدىن قالسا قُرِئَ، ئۇنىڭدىن قالسا ظِلٍّ.

④ فيها فاذا وقع بعدها (اى الحروف المفخّمة) «الف» فُخِّمَ الالَف لانه تابعٌ لما قبلها بخلاَف اُختيها فانه اذا وقع بعدها «واو» و«ياء» فلا يؤثر تفخيمها فيَها.

1 ـ **قائىدە:** «سۈرە ھامىم سەجدە»نىڭ 44 ـ ئايىتىدە ﴿ ءَاْعۡجَمِيٌّ ﴾ دەپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىككىنچى ھەمزى (ء)سى ئازغىنە يۇمشاقلىق بىلەن[1] ئوقۇلىدۇ. بۇ تَسْهِيْل[2] دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ **قائىدە:** «سۈرە ھوجرات»نىڭ 11 ـ ئايىتىدە ﴿ بِئْسَ ٱلِٱسْمُ ٱلْفُسُوقُ ﴾ دەپ كېلىدۇ. بۇ، مۇنداق ئوقۇلىدۇ: ﴿ بِئْسَ ﴾نىڭ «سىن»ى زەبەر ئوقۇلۇپ، كېيىنكى ھەرپكە قوشۇلمايدۇ. «سىن»نىڭ كەينىدە كەلگەن «لام» زىر ئوقۇلۇپ، كەينىدىكى «سىن»غا قوشۇلىدۇ. خۇلاسە شۇكى، ﴿ ٱلِٱسْمُ ﴾دىكى ﴿ لام ﴾نىڭ ئالدى كەينىدە كەلگەن «الف» شەكلىدە يېزىلغان ئىككى ھەمزە ئوقۇلمايدۇ.

## ئون ئۈچىنچى دەرس وقفگە دائىر قائىدىلەر

تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئەسلى مەقسىتى مەخرەج ۋە سۈپەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش بولۇپ، بۇ الله تعالىنىڭ ياردىمى بىلەن،

---

① ئەسلى بويىچە پۈتۈن ئوقۇش ـــ تحقيق دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت، «الف»تەك پۈتۈنلەي يۇمشاقمۇ ئەمەس، «ء»دەك تحقيق بىلەنمۇ ئەمەس، يەنى ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇشنى دېمەكچى.

② بۇ تسهيل ۋاجىبتۇر. ئەمما، «سۈرە يۇنۇس»تا ئىككى يەردە كېلىدىغان ﴿ ءَآلۡـَٔـٰنَ ﴾، «سۈرە يۇنۇس»تا بىر يەردە ۋە «سۈرە نەمل»دە بىر يەردە كېلىدىغان ﴿ ءَآللَّهُ ﴾، «سۈرە ئەنئام»دا ئىككى يەردە كېلىدىغان ﴿ ءَآلذَّكَرَيۡنِ ﴾ (بۇنىڭدىكى ئىككىنچى «ء»نى «الف» ئوقۇغاننىڭ ئورنىدا تسهيل قىلىپ مەدسىز ئوقۇشمۇ جائىز)دىن ئىبارەت مەزكۇر ئالتە كەلىمىدە تسهيل جائىزدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ قالغان يەرلىرىدە «ء»نى تحقيق بىلەن ئوقۇش زۆرۈر.

www.uyghurkitap.com



ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە زۆرۈرىيەتكە چۈشلۇق چۈشەندۈرۈلدى. ئەمدى قېپقالغان علم اوقاف[1]، علم قرائة[2]، علم رسم خط[3]تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ پەن، شۇ تەجۋىد ئىلمىنىڭ خاتىمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەرستە علم اوقاف[4]، يەنى وقف قىلىش قائىدىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ:

1 ـ **قائىدە:** مەزمۇن ئايرىلىدىغان ئورۇندا، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، ئايەت ئۈتتۈرىسىدىكى ياكى ئايەت ئاخىرى

---

① وقف ـــ لۇغەت مەنىسىدە توختاش دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنىدە بولسا، ئۈلاپ ئوقۇلمايدىغان كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا نەپەس ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، ھەرىكەتنى ساكىنلىق ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. قانداق يەردە، قانداق وقف قىلىش توغرىسىدىكى ئىلىم ـــ علم اوقاف دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى خىل مەزمۇن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ: بىرى، قانداق يەردە وقف قىلىش. يەنە بىرى، قانداق ئۇسۇلدا وقف قىلىش.

② تەجۋىد ئىلمى ۋە قىرائەت ئىلمى ـــ «قۇرئان كەرىم» كەلىمىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر. بۇلاردىكى پەرق شۇكى، تەجۋىددە ھەرپلەرنىڭ مەخرەج، سۈپەت ۋە ئۇنىڭ ھالەتلىرىدە ئىتتىپاقلاشقان ئاساستا ئىزدىنىش بولىدۇ، قىرائەتتە بولسا ئىختىلاپلاشقان ئاساستا ئىزدىنىش بولىدۇ. مەسىلەن: حذف ۋە اثبات، تحريك ۋە تسكين، مد ۋە قَصْر، فتح ۋە إمالة، تحقيق ۋە تخفيف ۋەھاكەزا.

③ ئوسمان ﷛نىڭ زامانىسىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەلىمىلىرى ۋە خەت نۇسخىسى تاللانغان بولۇپ، ئوسمان ﷛ «قۇرئان كەرىم»نى تاللانغان شۇ خەت نۇسخىسىدا يازدۇرۇپ ھەممە يەرگە ماگدۇردى. بۇ نۇسخىغا پۈتۈن ساھابىلەر ئىجمائ قىلغانىدى. مۇشۇ خەت نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭغا خاس قائىدىلەر تونۇشتۇرۇلىدىغان ئىلىم ـــ علم رسم خط دېيىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ئىجمائىغا ئاساسلانغاندا، «قۇرئان كەرىم»نى مۇشۇ خەت نۇسخىسىدىن باشقا نۇسخىدا يېزىش جائىز بولمايدۇ.

④ والبحث الآخر أقسام الوقف من الحسن والقبيح والتام وغيره لم اذكره كالباقين لانها لا تتعلق بالتجويد.

ـدىكى وقف بەلگىلىرى[1] قويۇلغان ئورۇنلاردا وقف قىلىش زۆرۈر[2]. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردا وقف قىلىش جائىز ئەمەس[3]. كەلىمىنىڭ ئوتتۇرىدا وقف قىلىشمۇ جائىز ئەمەس[4]. ھەرىكەتلىك وقف قىلىشمۇ جائىز ئەمەس[5].

① «ۛ»، «م»، «ط»، «ج»، «ز»، «ص»، «صلے»، «ق»، «صل»، «قف»، «س ياكى سكتة»، «وقفة»، «لا»، «ۛ ۛ»، «ع» قاتارلىقلار وقف بەلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئوخشاش بولمىغان مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ (بۇنىڭ تەپسىـلاتىنى ئاخىردىكى ئىزاھاتتىن كۆرۈڭ)، لېكىن ھەممىسىنىڭ ئورتاق بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ھەممىسى وقفگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ بەلگىلەر ئايەت ئاخىرىدا تۇرغۇچىنىڭ ئۈستىگە، ئايەتنىڭ ئوتتۇرىدا بولسا، كەلىمىنىڭ ئارىسىغا ئۈستىگىرەك قىلىپ يېزىلىدۇ.

② بۇ، وقف مُنَزَّل دېيىلىدۇ.

③ ئەگەر ئوقۇش جەريانىدا نەپەس يېتىشمەي، وقف قىلىشقا مەجبۇر بولسا، نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئالدىدىن بىر ياكى ئىككى كەلىمىنى قوشۇپ، يەنى ئايەتنىڭ بېشىدىن ياكى شۇ مەزمۇننىڭ بېشىدىن باشلاپ ئوقۇش لازىم. شۇڭا، قارى بولغان كىشى شۇ مەزمۇننىڭ قەيەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلگۈچىلىك سەۋىيە ھازىرلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

④ وقف دائىم كەلىمىنىڭ ئاخىردا بولىدۇ. يەنى كەلىمە ئوتتۇرىسىدا وقف قىلىش توغرا ئەمەس. بىلىش كېرەككى، «قۇرئان كەرىم»دە بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغان بەزىبىر كەلىمىلەر بار. بۇلار پارچىلانسا، ئايرىم-ئايرىم كەلىمە بولغان بىلەن، لېكىن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغانلىقتىن بىرلا كەلىمىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَيۡنَمَا﴾ گەرچە ئىككى كەلىمە، يەنى «اَيْنَ» ۋە «مَا»دىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغانلىقتىن «اَيْنَ»نىڭ «نون»ىدا وقف قىلىش توغرا ئەمەس. مۇنداق كەلىمىلەر موصول دېيىلىدۇ.

⑤ يەنى وقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىرى وصلدىكىگە ئوخشاش ھەرىكەتلىك بولۇش دۇرۇس ئەمەس دېمەكچى. مەسىلەن: ﴿رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾دە وقف قىلىپ تۇرۇپ، يەنە «نون»نى زەبەرلىك ئوقۇغانغا ئوخشاش؛ بۇنىڭدىن يەنە بىر مەقسەت شۇكى، ﴿أَنَا﴾گە ئوخشاش «الف»ى ئوقۇلمايدىغان كەلىمىلەردە وقف قىلىنغاندا، وقفنىڭ ۋەجھىدىن «الف»مۇ ئوقۇلۇشى كېرەك.



**دىققەت:** مەزكۇر قائىدىنىڭ ئاخىردىكى ھۆكۈمدىن تۆۋەنـدىكى كەلىمىلەر مۇستەسنادۇر: «سۈرە بەقەرە»نىڭ 237-ئايىتىدىكى ﴿أَوۡ يَعۡفُوَاْ﴾، «سۈرە مائىدە»نىڭ 29-ئايىتىدىكى ﴿أَن تَبُوٓأَ﴾، «سۈرە رەئد»نىڭ 30-ئايىتىدىكى ﴿لِّتَتۡلُوَاْ﴾، «سۈرە كەھف»نىڭ 14-ئايىتىدىكى ﴿لَن نَّدۡعُوَاْ﴾، «سۈرە رۇم»نىڭ 39-ئايىتىدىكى ﴿لِّيَرۡبُوَاْ﴾، «سۈرە مۇھەممەد»نىڭ 4-ئايىتىدىكى ﴿لِّيَبۡلُوَاْ﴾، «سۈرە مۇھەممەد»نىڭ 31-ئايىتىدىكى ﴿نَبۡلُوَاْ﴾، «سۈرە ھۇد»، «سۈرە فۇرقان»، «سۈرە ئەنكەبۇت» ۋە «سۈرە نەجم»دىن ئىبارەت تۆت سۈرىدە كېلىدىغان ﴿ثَمُودَاْ﴾، «سۈرە دەھر»نىڭ 16-ئايىتىدىكى ﴿قَوَارِيرَاْ﴾ قاتارلىق كەلىمىلەرنىڭ ئاخىردىكى «الف» وصللىك ھالەتتىمۇ، وقفلىك ھالەتتىمۇ ئوقۇلمايدۇ. «سۈرە كەھف»دىكى ﴿لَّٰكِنَّاْ﴾، «سۈرە ئەھزاب»تىكى ﴿ٱلظُّنُونَاْ﴾، ﴿ٱلرَّسُولَاْ﴾، ﴿ٱلسَّبِيلَاْ﴾، «سۈرە دەھر»دىكى ﴿سَلَٰسِلَاْ﴾، بىرىنچى ﴿قَوَارِيرَاْ﴾، «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ ئۇچرايدىغان ﴿أَنَا﴾ قاتارلىق كەلىمىلەردە، «الف» وصللىك ھالەتتە ئوقۇلمايدۇ، وقفلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. لېكىن ﴿سَلَٰسِلَاْ﴾ دېگەن كەلىمىلا وقفلىك ھالەتتىمۇ «الف»سىز ئوقۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿سَلَاسِلَ﴾.

**2-قائىدە:** وقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىرى ساكىنلىق بولسا، شۇ پېتى وقف قىلىنىدۇ[1]. مەسىلەن: ﴿فَٱرۡغَبۡ﴾، ﴿وَٱنۡحَرۡ﴾،

① يەنى ساكىنلىق وقف قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا وقفنىڭ ئىپادىسى نەپەس ئېلىۋېلىشلا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



﴿فَحَدِّثْ﴾، ﴿مِنْهُمْ﴾، ﴿لَهُمْ﴾لارغا ئوخشاش؛ ئەگەر ھەرىكەتلىك بولسا، ۋەقف قىلىشنىڭ مۇنداق ئۈچ ئۇسۇلى بار:

1) ۋەقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىرى ساكىنلىق قىلىپ ئوقۇلىدۇ[1].

2) ئۇنىڭدىكى ھەرىكەت ناھايىتى يەڭگىل دەرىجىدە ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇ، رَوْم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەرىكەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئىزھار قىلىنسا بولىدۇ. رَوْم زىر ۋە پىشكىلا خاس بولغان ئۇسۇلدۇر. مەسىلەن: ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾نىڭ تۈگەنچىسىدىكى «ميم»دا رَوْم بويىچە ۋەقف قىلىنسا، ئازغىنە زىر ھەرىكەت چىقىرىلىپ، بۇنى يېنىدا تۇرغان كىشى ئارانلا ئاڭلىيالايدۇ. ﴿نَسْتَعِينُ﴾نىڭ «نون»ىدا رَوْم بويىچە ۋەقف قىلىنسا، ئازغىنە[2] پىش ھەرىكەت چىقىرىلىدۇ. ﴿رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾نىڭ «نون»ىدا زەبەر ھەرىكەت بولغانلىقتىن رَوْم بويىچە ۋەقف قىلىنمايدۇ.

---

① بۇ، ئەسلى ۋە ئومۇمىي بولغان ئۇسۇلدۇر. كەلىمىنى سۈكۈن بىلەن باشلىغىلى بولمىغاندەك، ھەرىكەتلىك ۋەقف قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ، يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى. سۈكۈن بىلەن ۋەقف قىلىش بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا شەرئىي ۋاجىب بولۇپ، بۇنى قىلىشتا ساۋاب، تەرك ئېتىشتە مالامەت بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ خاس پەننىي ئىستىلاھ دەيدۇ.
قارىنىڭ ھەرىكەتلىك ۋەقف قىلىشى ئىنتايىن قەبىھ ۋە تەزىرگە لايىق قىلمىشتۇر. («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 205-بەت).

② ئازغىنە زىر ياكى ئازغىنە پىش ھەرىكەت چىقىرىپ ئوقۇش دېگەنلىك، ھەرىكەتنى پەس ئاۋازدا ئورۇنداش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىر ماھىر ئۇستازدىن ئاڭلاپ مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.



3) ھەرىكەتكە پەقەت لەۋ بىلەنلا ئىشارەت قىلىنىدۇ، يەنى ھەرىكەت تىلدا تەلەپپۇز قىلىنماي[1]، بەلكى لەۋ بىلەنلا ئىزھار قىلىنىپ، ھەرىكەت قويۇلغان ھەرپ ساكىنلىق قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ إِشمام (پۈرۈتۈش) دېيىلىدۇ. بۇنى يېنىدا تۇرغان كىشىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدا ھەرىكەت تىل بىلەن ئورۇندالمايدۇ. ئەمما، إِشمام بىلەن ئوقۇغاننى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ لەۋلىرىگە قاراپ تونۇۋالىدۇ. إِشمام پىشكىلا خاس بولۇپ، زەبەر ۋە زىرنى إِشمام قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ﴿نَسْتَعِينُ﴾نىڭ «نون»ى إِشمام بىلەن ۋەقف قىلىنغاندا، خۇددى پىش ھەرىكەت بىلەن ئوقۇغاندەك، لەۋنى ئازغىنە قورۇپ ئۈچلاش بىلەن ساكىنلىق تەلەپپۇز قىلىنغانغا ئوخشاش.

**3- قائىدە:** ۋەقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىردا تەنۋىن بولسا، ئۇنىڭدا رَوْم جائىز بولىدۇ. لېكىن ھەرىكەتنى ئىزھار قىلغاندا، تەنۋىن ئاززاقمۇ[2] ئىزھار قىلىنماسلىقى كېرەك.

**4- قائىدە:** «ە» شەكلىدە يېزىلغان[3] «ة»دا ۋەقف قىلىنسا، «ة» «ە»غا ئالماشتۇرۇلۇپ ساكىنلىق ھالەتتە ۋەقف قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا رَوْم بىلەن إِشمام جائىز بولمايدۇ.

---

① يەنى كەلىمىنىڭ ۋەقف قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاخىرقى ھەرپى ساكىن قىلىنىپ، دەرھال ئىككى لەۋ قورۇلۇپ، پىش تەرەپكە ئىشارەت قىلىنىدۇ.
② پەس ئاۋازدا يالاڭ پىش ياكى يالاڭ زىر ئوقۇلىدۇ دېمەكچى. مەسىلەن: اَحَدٌ.
③ «ە» شەكلىدە يېزىلغان يۇملاق «ة» — تاء مُدَوَّرة دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ٱلْجَنَّةُ﴾، ﴿ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ﴾، ﴿ٱلْقِبْلَةَ﴾، ﴿ٱلْبَرِيَّةِ﴾لارغا ئوخشاش؛ ئۇزۇنچاق «ت» — تاء مجرورة ياكى تاء طويلة دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ﴾، ﴿إِلَىٰٓ ءَاثَٰرِ

5 ـ **قائىدە:** ئەسلى ئەمەس ھەرىكەتتە رَوْم ۋە إِشمام جائىز بولمايدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ﴾ دېگەن ئايەتتە، ئەگەر ﴿لَقَدْ﴾دە وقف قىلماقچى بولسا، «دال» سۇكۇن ئوقۇلۇشى، ئۇنىڭ زىرى رَوْم قىلىنماسلىقى لازىم. چۈنكى، «دال»نىڭ ھەرىـ ـكىتى ئەسلى ھەرىكەت ئەمەستۇر[①].

6 ـ **قائىدە:** وقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى تەشـ ـدىدلىك بولسا، رَوْم ياكى إِشمام بويىچە وقف قىلىنغاندا تەشدىد ئۆز پېتى تۇرىدۇ[②].

7 ـ **قائىدە:** وقف قىلىنغان كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپىدە زەبەرلىك تەنۋىن بولسا، ئۇ تەنۋىن[③] «الف»قا ئالماشتۇرۇلۇپ

---

رَحۡمَتِ ٱللَّهِ﴾، ﴿ٱمۡرَأَتُ ٱلۡعَزِيزِ﴾لارغا ئوخشاش. تاء مجرورة ـــ وقفدىمۇ «ت» ئوقۇلىدۇ. رَوْم ۋە إِشمام قىلىشمۇ جائىز. تاء مُدَوَّرة ـــ وقفدە ئالدى بىلەن ساكىنلىق «هاء»غا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاندىن وقف قىلىنىدۇ.

① شۇنىڭدەك ﴿وَأَنتُمُ ٱلۡأَعۡلَوۡنَ﴾نىڭ «ميم»ىدىمۇ رَوْم ياكى إِشمام قىلىش جائىز بولمايدۇ. چۈنكى، «ميم» ئەسلىدە ساكىنلىقتۇر، ئۇنىڭ پىشى ئەسلى ھەرىكەت ئەمەس. شۇڭا، بۇنىڭغا ئوخشاش كەلىمىلەردە وقف قىلىنسا، كەلىمىنىڭ ئاخىرى ساكىنلىقلا بولىدۇ.

② غۇننە بولمايدىغان («نون» ۋە «ميم» بۇنىڭدىن مۇستەسنا) تەشدىدلىك ھەرپ وقف قىلىنسا، تېزلىك بىلەن ئورۇندىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَتَبَّ﴾، ﴿بِٱلۡحَقِّ﴾، ﴿ٱلۡمَفَرُّ﴾، ﴿فَطَلٌّ﴾، ﴿صَوَآفَّ﴾لارغا ئوخشاش. غۇننە بار تەشدىدلىك ھەرپ بولسا، غۇنننى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاستىراق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مِّنۢ بَعۡدِ ٱلۡغَمِّ﴾، ﴿وَلَا جَآنٌّ﴾لارغا ئوخشاش. شۇنىڭدەك تەشدىدلىك «واو» ۋە تەشدىدلىك «ياء»دا وقف قىلىشقا توغرا كەلسە، إِشمام ياكى رَوْم بىلەن تەشدىدلىك وقف قىلىنىدۇ ھەمدە مەدسىز ئورۇندىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿عَدُوٌّ﴾، ﴿مِّن نَّبِيٍّ﴾لارغا ئوخشاش.

③ قوش زەبەرلىك تەنۋىندە ھەرقانداق جايدا مۇشۇ قائىدە جارى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَفۡوَاجًا﴾، ﴿عَلِيمًا﴾، ﴿جُزۡءًا﴾، ﴿سَوَآءً﴾لارغا ئوخشاش. ئەمما بۇ



وقف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَإِن كُنَّ نِسَآءً﴾دە وقف قىلغاندا ﴿نسَآءَا﴾ دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

8 ـ **قائىدە:** رَوْم بىلەن وقف قىلىنغان بولسا، مدّ وقفدە توسُّط ۋە طُول جائىز بولمايدۇ[①]. مەسىلەن: ﴿ٱلرَّحِيمِ﴾ ياكى ﴿نَسۡتَعِينُ﴾دا زىر ياكى پىشنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى ئىزھار قىلىنسا، مەد ھەرپىنى توسُّط ياكى طُول قىلىپ ئوقۇشقا بولمايدۇ.

## ئون تۆتىنچى دەرس مۇھىم نۇقتىلار

1 ـ **مۇھىم نۇقتا:** «سۈرە كەھف»نىڭ 38 ـ ئايىتىدىكى ﴿لَّٰكِنَّا۠ هُوَ ٱللَّهُ﴾دا ﴿لَّٰكِنَّا۠﴾نىڭ ئاخىرىدىكى «الف» ئادەتتە ئوقۇلمايدۇ. ئەمما، مۇشۇ كەلىمىدە وقف قىلىنسا، وقفنىڭ ۋەجھىدىن ئوقۇلىدۇ.

2 ـ **مۇھىم نۇقتا:** «سۈرە دەھر»نىڭ 4 ـ ئايىتىدە كېلىدىغان ﴿سَلَٰسِلَا۠﴾دىكى ئىككىنچى «لام»دىن كېيىن يېزىلغان «الف» مۇ ئوقۇلمايدۇ. ئەمما، مۇشۇ كەلىمىدە وقف قىلىپ قالسا، «الف»نى

---

ئۇسۇلدىن تاء مُدَوَّرَة مۇستەسنا بولۇپ، ئۇ وقفدە ھەر قانداق ھالەتتە ساكىنلىق «هاء» قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿حَسَنَةً﴾، ﴿رَحۡمَةً﴾، ﴿مَّوۡعِظَةً﴾لارغا ئوخشاش.

① بەلكى وصلىغا ئوخشاش قَصْرلا قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ مەدكە سۇكۇن سەۋەب بولالتتى، رَوْمنىڭ ۋەجھىدىن بۇ يەردە سۇكۇنغا ئورۇن يوق. بىلىش كېـ ـرەككى، رَوْم ھەرىكەتكە تەۋە، إِشمام سۇكۇنغا تەۋەدۇر.

ئوقۇسمۇ، ئوقۇمسىمۇ ـــ ئىككىلىسى دۇرۇس. بىرىنچى «لام»دىن كېيىن يېزىلغان «الف»① ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ.

يەنە مۇشۇ سۈرىنىڭ 15 ـ، 16 ـ ئايىتىدە ﴿قَوَارِيرَا۟ ۝١٥ قَوَارِيرَا۟﴾ دەپ كېلىدۇ. بىرىنچى ﴿قَوَارِيرَا﴾نىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇنىڭدا وصل قىلىنسا، ئاخىردىكى «الف» ئوقۇلمايدۇ، وقف قىلىنسا، ئاخىردىكى «الف» ئوقۇلىدۇ. ئىككىنچى ﴿قَوَارِيرَا﴾نىڭ ھۆكمى شۇكى، ھەر قانداق ھالەتتە، يەنى وقفدىمۇ، وصلدىمۇ، ئاخىردىكى «الف» ئوقۇلمايدۇ.

3 ـ مۇھىم نۇقتا: «قۇرئان كەرىم»دە بىر جايدا إِمَالَة بار، يەنى «سۈرە ھۇد»نىڭ 41 ـ ئايىتىدىكى ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ مَجْرٜىٰهَا﴾دا.

4 ـ مۇھىم نۇقتا: «سۈرە ھامىم سەجدە»دە بىر جايدا تَسْهِيْل بار، يەنى ﴿ءَا۬عْجَمِيٌّ﴾دا.

5 ـ مۇھىم نۇقتا: «سۈرە ھوجرات»تىكى ﴿بِئْسَ ٱلِٱسْمُ﴾دىكى ﴿ٱلِٱسْمُ﴾نىڭ ھەمزىسى ئوقۇلمايدۇ ھەمدە «سىن» «لام»غا قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

6 ـ مۇھىم نۇقتا: ﴿لَئِنۢ بَسَطتَ﴾، ﴿أَحَطتُ﴾، ﴿مَا فَرَّطتُمْ﴾ ۋە ﴿مَا فَرَّطتُ﴾ قاتارلىق كەلىمىلەردە إدغام پۈتۈن بولمايدۇ، يەنى «طاء»نى «تاء»غا تەشدىدلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، «طاء» ئۆزىنىڭ إِستعلاء ۋە إطباق سۈپىتى بىلەن قلقلەسىز توشقۇزۇپ ئورۇندىلىپ، «تاء» ئىنچىكە ئورۇندىلىدۇ. ﴿أَلَمْ نَخْلُقكُّم﴾دا تولۇق

① «لام»نىڭ كەينىگە يېزىلغان تىك زەبەر «الف»كە ۋەكىللىك قىلىدۇ.



إدغام قىلىش ئەۋزەل①، يەنى «قاف» ئوقۇلماستىن، بەلكى «قاف»نى «كاف»قا ئالماشتۇرۇپ، ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ تەشدىدلىك ئوقۇلىدۇ②.

7 ـ مۇھىم نۇقتا: «يَرْمَلُوْنَ»نىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن ﴿نٓ ۚ وَٱلْقَلَمِ﴾ ۋە ﴿يسٓ وَٱلْقُرْءَانِ ٱلْحَكِيمِ﴾ قاتارلىقلاردىكى ﴿نون﴾ ۋە ﴿سين﴾نىڭ ئاخىردىكى ساكىنلىق «ن» كەينىدىكى ﴿وَ﴾غا إدغام قىلىنسا بولاتتى. لېكىن، بۇلار إدغامسىز ئوقۇلىدۇ③.

8 ـ مۇھىم نۇقتا: «سۈرە يۇسۇف»نىڭ 11 ـ ئايىتىدە كەلگەن ﴿لَا تَأْمَنَّا﴾نىڭ ﴿ن﴾دا إِشمام④ قىلىنىدۇ.

9 ـ مۇھىم نۇقتا: «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى يەرلىرىدە «سَكْتَة» دېگەن ئىبارەت يېزىلىپ قالىدۇ. بۇ نەپەسنى ئۈزمەي ئازغىنە توختاشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ⑤. ئۇ ھۆكۈمدە وقف بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: «سۈرە قىيامەت»تە ﴿مَنْ ۜ رَاقٍ﴾ دەپ كېلىدۇ. «يَرْمَلُوْنَ»نىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن ﴿مَنْ﴾نىڭ «نون»ى «راء»غا إدغام قىلىنسا بولاتتى. لېكىن بۇ يەردە إدغام

① يجوز الناقص ايضا وهو ان يبقٰى بعض صفات المدغم.

② بۇ، إدغام تامّ دېيىلىدۇ. إدغام ناقص بويىچە، ﴿بَسَطتَ﴾ ۋە باشقىلاردەك ئورۇنداشمۇ دۇرۇس، يەنى «قاف» قلقلەسىز ئوقۇلۇپ، «كاف» ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

③ بۇ ئىمام ھەفس ﵀نىڭ قارىشىدۇر.

④ اختياره لانه سهلٌ على الأطفال ويجوز الرَوْم ايضا لا تأمننا ولا يجوز الإدغام المحض.

⑤ بىلىش كېرەككى، وقفدە نەپەس ئۈزۈلىدۇ.

بولمدى. چۇنكى، سكتة ـــ وقفنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، يەنى «نون» ۋە «راء»دا تۇتاشلىق يوق.

شۇنىڭدەك، «سۈرە كەھف»دە ﴿عِوَجَا ۜ ۝١ قَيِّمًا﴾ دەپ كېلىدۇ. ئەگەر ﴿عِوَجَا﴾دە وقف قىلماستىن، ئۆزىدىن كېيىنكى ﴿قَيِّمًا﴾گە بىرلەشتۈرۈپ ئۇلاپ ئوقۇلسا، إخفاء چىقىرىلماستىن، بەلكى زەبەرلىك تەنۋىن «الف»قا ئالماشتۇرۇلۇپ سەكتە قىلىنىدۇ.

ئىمام ھەفس ﷬نىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن «قۇرئان كەرىم»دە تۆتلا سەكتە بار: بىرى، «سۈرە قىيامە»دە، ئىككىنچىسى، «سۈرە كەھف»دە، ئۈچىنچىسى، «سۈرە ياسىن»دىكى ﴿مِن مَّرْقَدِنَا ۜ هَـٰذَا ۗ﴾دا ﴿مَّرْقَدِنَا﴾نىڭ «الف»ى ﴿هَـٰذَا﴾غا ئۇلاپ ئوقۇلغاندا، تۆتىنچىسى «سۈرە مۇتەففىفىن»دىكى ﴿كَلَّا ۖ بَلْ ۜ﴾نىڭ ساكىنلىق «لام»ىدا.

10 ـ مۇھىم نۇقتا: «قۇرئان كەرىم»نىڭ قانداقلا يېرىدە تىك پىش كەلسە، «واو»غا مايىل قىلىپراق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَهُۥ فِى﴾. ئەگەر تىك زىر كەلسە، «ياء»غا مايىل قىلىپراق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿بِهِۦ مِنَ﴾.

11 ـ مۇھىم نۇقتا: تەشدىدلىك «واو» ياكى تەشدىدلىك «ياء»دا وقف قىلىنماقچى بولسا، تەشدىدلىك ھالەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئازغىنە قاتتىقلىق يۈرگۈزۈپ تەشدىدنى سوزۇش لازىم. مەسىلەن: ﴿عَدُوٌّ﴾ ۋە ﴿عَلَى ٱلنَّبِيِّ﴾.



12 ـ مۇھىم نۇقتا: «سۈرە يۇسۇف»تىكى ﴿وَلَيَكُونًا مِّنَ ٱلصَّـٰغِرِينَ﴾ ۋە «سۈرە ئەلەق»تىكى ﴿لَنَسْفَعًۢا بِٱلنَّاصِيَةِ﴾تە، ﴿وَلَيَكُونًا﴾ ۋە ﴿لَنَسْفَعًا﴾دە وقف قىلىنسا، «الف» ئوقۇلىدۇ، تەنۋىن① ئوقۇلمايدۇ.

13 ـ مۇھىم نۇقتا: «قۇرئان كەرىم»دە «صاد» يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە «سين»مۇ يېزىپ قويۇلغان تۆت كەلىمە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى مۇنداق: «سۈرە بەقەرە»دىكى ﴿يَقْبِضُ وَيَبْصُۜطُ﴾ بىلەن «سۈرە ئەئراف»تىكى ﴿فِى ٱلْخَلْقِ بَصْۜطَةً﴾دە «سين» ئوقۇش ئەۋزەل. «سۈرە تۇر»دىكى ﴿أَمْ هُمُ ٱلْمُصَۜيْطِرُونَ﴾دا خالىسا «سين»، خالىسا «صاد» ئوقۇلىدۇ. «سۈرە غاشىيە»دىكى ﴿بِمُصَيْطِرٍ﴾دا «صاد» ئوقۇش ئەۋزەل.

14 ـ مۇھىم نۇقتا: «قۇرئان كەرىم»دە بىر قانچە جايدىكى ﴿لَا﴾ «لَ» قىلىپ ئوقۇلىدۇ: بىرى، «سۈرە ئال ئىمران»دىكى ﴿لَإِ۟لَى ٱللَّهِ تُحْشَرُونَ﴾دا، ئىككىنچىسى، «سۈرە تەۋبە»دىكى ﴿وَلَأَوْضَعُوا۟﴾دا، ئۈچىنچىسى، «سۈرە نەمل»دىكى ﴿أَوْ لَأَا۟ذْبَحَنَّهُۥ﴾دا، تۆتىنچىسى، «سۈرە سافقات»تىكى ﴿لَإِ۟لَى ٱلْجَحِيمِ﴾دا، بەشىنچىسى «سۈرە ھەشر»دىكى ﴿لَأَنتُمْ أَشَدُّ﴾دا. شۇنىڭدەك، «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ 144 ـ ئايىتىدە ﴿أَفَإِي۟ن﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿أَفَإِنْ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا ﴿مَلَإِي۟هِۦ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿مَلَئِهِ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ. «سۈرە

① وان كان خلاف القياس لانها نونٌ خفيفةٌ، لكن الوقف يكون تابعًا للرَّسم.

كەھف»نىڭ 23 ـ ئايىتىدە ﴿لِشَاىۡءٍ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿لِشَيۡءٍ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ. بەزى جايدا ﴿نَبَاىِٕ﴾ دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇلۇشتا ﴿نَبَىِٕ﴾ دەپ ئوقۇلىدۇ. «سۈرە فەتھ»نىڭ 10 ـ ئايىتىدە كېلىدىغان ﴿وَمَنۡ أَوۡفَىٰ بِمَا عَٰهَدَ عَلَيۡهُ ٱللَّهَ﴾ ۋە «سۈرە كەھف»نىڭ 63 ـ ئايىتىدە كېلىدىغان ﴿وَمَآ أَنسَىٰنِيهُ إِلَّا ٱلشَّيۡطَٰنُ﴾دىكى «هُ» قۇرەيش تىلى بويىچە پىشلىك ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ سِمَاعِي (قايسى شەكىلدە كەلسە، شۇنىڭغا قايىل بولۇش لازىم بولىدىغان سۆز)دۇر.

**دىققەت:** مەزكۇر قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ئىختىلاپ يوق. ئاز ساندىكىلىرىدە ئىختىلاپ بار. مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ھەزرىتى ئىمام ھەفس ﵀[1]نىڭ رىۋايىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ تەجۋىدنى ئىمام ھەفس ﵀نىڭ قائىدىلىرىگە بىنائەن تۈزۈپ چىقتىم. بۇ زات تەجۋىد

---

① ئەبۇ ئەمرى ھەفسىبنى سۇلەيمانىبنى مۇغىرە ئەسەدىي كۇفىي بەززاز ﵀ ھىجرىيىنىڭ 90 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 180 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ زاتنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسى ھەزرىتى ئىمام ئاسىم ﵀نىڭ نىكاھىغا چۈشكەن. شۇڭا، بۇ زاتنى ھەزرىتى ئىمام ئاسىم تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئىبنى مۇئىن ئېيتىدۇ: «ھەفس ئاسىمنىڭ قىرائىتىگە ھەممىنىڭ ئالىمراقى ئىدى، يەنى ھەفس ئاسىمنىڭ قىرائىتىنىڭ سەھىھلىرىنى رىۋايەت قىلغان».

ئەللامە زەھەبىي ئېيتىدۇ: «ھەفس قىرائەتتە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەم پۇختا بولۇپ، بۇ زات ئىمام ئاسىمدا «قۇرئان كەرىم»نى بىر قانچە قېتىم ئوقۇغان. بۇ زات ھەزرىتى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ﵀ بىلەن بىرگە تىجارەت قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com



ئىلمىنى ئىمام ئاسىم ﵀[1] تابىئىيدىن ئالغان. ئىمام ئاسىم ﵀ زىررىبنى ھۇبەيش ئەسەدىي[2] ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىب

---

① ئەبۇ بەكرى ئاسىمىبنى ئەبىن نەجۇد (ئاتىسىنىڭ ئىسمى) ئىبنى بەھدەلە (ئانىسىنىڭ ئىسمى) ئەسەدىي كۇفىي قارىلارنىڭ شەيخى ئىمام ئەبۇ ئابدىررەھمان ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىبىنى رەبىئە سەلەمىي، قارىلارنىڭ شەيخى ئىمام ئەبۇ مەريەم زىررىبنى ھۇبەيشىبنى ھەباشەتەبنى ئەۋس ئەسەدىي ۋە قارىلارنىڭ شەيخى ئەبۇ ئۇمەر سەئدىبنى ئىلياس شەيبانىي (ھەممىسى كۇفىيلىق) قاتارلىقلاردىن قۇرئاننى ھاسىل قىلغان. بۇ ئۈچەيلەن تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بولۇپ، بۇلار ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ھەزرىتى ئۇبەييىبنى كەئب ۋە ھەزرىتى زەيدىبنى سابىت ﵃ قاتارلىق ساھابىلارنىڭ بىۋاستە شاگىرتلىرى ئىدى. بۇ زات ئۆزىمۇ تابىئىي بولۇپ، ھەزرىتى ھارىسىبنى ھەسسان ۋە باشقا ساھابە كىراملاردىن پەيز ـ فۇتۇھات ۋە بەرىكەت ھاسىل قىلغان.

ھەزرىتى ئىمام ئەھمەدىبنى ھەنبەل ئېيتىدۇ: «ئاسىم قىرائەتكە، ھەمماد فىقھىگە ئۇستا ئىدى. مەن ئاسىمنى زىيادە ياقتۇرىمەن». ھەزرىتى ئەجەلىي ئېيتىدۇ: «ئاسىم سۈننەت ۋە قىرائەتنىڭ ئەھلى ئىدى. ئەڭ ئىشەنچلىك ھەم قارىلارنىڭ رەئىسى ئىدى». ئەبۇ ئىسھاق دائىم مۇنداق دەيتتى: «مەن ئاسىمدىن ياخشىراق قارىنى كۆرمىدىم. قۇرئانغا ئاسىمدىن ئۇستا ئالىم يوق. ئىمام ئەبۇ ئابدىررەھماندىن كېيىن كۇفىنىڭ قىرائەت رىياسەتچىلىكى مۇشۇ زاتقا باغلانغان. بۇ زات پاساھەت، بالاغەت ۋە كەسپكە پۇختا، ئىشەنچ، تەجۋىد ۋە تەھرىردە جامىئ ئىدى. ئورۇنداش ۋە لەھجىدە ئاجايىب ـ غارايىب ئىدى. مۇڭلۇق ئاھاڭدا تەڭداشسىز ئىدى. نامىزى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىخلاسمەن ئابىد ئىدى. بۇ زات ھىجرىيىنىڭ 127 ـ يىلى كۇفىدە ۋاپات بولغان. بۇ زاتنىڭ قىرائىتىنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ھەفسدىن باشقا يەنە كاتتا مۇجتەھىد ۋە ئالىملاردىن مۇفەززەل، ھەمماد ۋە ھەزرىتى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

② زىررىبنى ھۇبەيش ئەسەدىي، كۇنىيىتى ئەبۇ مەريەم. بۇ زات ئۇلۇغ مۇخەزرەمىي (جاھىلىيەت ۋە ئىسلام ئىككىلىسىنىڭ زامانىنى تاپقان كىشى مۇخەزرەمىي دېيىلىدۇ) ئىدى. لېكىن، ئىسلامغا رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ۋاپاتىدىن

سەلەمي رحمهما الله①دىن ئالغان. بۇ ئىككىيلەن ھەزرىتى ئوسمان،

---

كېيىن مۇشەررەپ بولغان. شۇڭا، بۇ زاتقا ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىدىن ئالاھىدە ئىستىفادە نېسىپ بولغان. بۇ زاتنىڭ پەيز-فۇتۇھاتلىرى ئۇ زاتنىڭ ئورنىنى تابىئىي سېپىگە قوشقان. ئەللامە نەۋەۋىي ئېيتىدۇ: زىر تابىئىننىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، بۇ زاتنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۇلۇغلۇقىغا ھەممەيلەن ئىتتىپاق كەلگەن. بۇ زات ئىمتىيازلىق قارى ۋە ئالىملاردىن ئىدى. ئەللامە زەھەبىي ئۇ زاتنى ھەدىس ئىلمىدا ھافىزلار قاتارىدىن دەپ يازىدۇ. بۇ زاتنىڭ ساھابىلار ئىچىدىكى شەيخلىرى ھەزرىتى ئۇمەر فارۇق، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئەبۇ زەر غىفارىي، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ھەزرىتى ئابدۇررەھمانىبنى ئەۋف، ھەزرىتى ئابباسىبنى ئابدۇل-مۇتتەلىب ۋە ھەزرىتى ئۇبەييىبنى كەئب ﵃ قاتارلىقلار ئىدى. بۇ زاتنىڭ تالانتلىق شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم نەخەئىي، ئاسىمىبنى ئەبى نەجۇد، مىنھالىبنى ئەمرى، ئىيسەبنى ئاسىم، ئەدىييىبنى سابىت، ئىمام شەئبىي، ئەبۇ ئىسھاق شەيبانىي رحمهم الله ۋە بۇلاردىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن مەشھۇر زاتلار بار.

زىررىبنى ھۇبەيش ھىجرىيىنىڭ 81- يىلى ۋاپات بولغان، 122 ياش ئۆمۈر كۆرگەن («تەھزىب»).

① ئەبۇ ئابدىررەھمان ئابدىللاھ ئىبنى ھەبىب سەلەمي كۇفىنىڭ تالانتلىق قارىلىرى قاتارىدا سانىلاتتى. ئەئما بولۇشىغا قارىماي ھاياتى «قۇرئان كەرىم» ئۇستىدە ئىزدىنىش بىلەنلا ئۆتكەن. قىرائەت ئىلمىدا ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھە ۋە ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن كامالەت ھاسىل قىلغان.

ھافىز زەھەبىينىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇ زات ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەدىن باشقا يەنە ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ﵄ قاتارلىقلاردىنمۇ تەلىم ئالغان («تەزكىرەتۇل ھۇففاز»). ھەر دائىم قۇرئانلا ئۆگىتەتتى. لېكىن، ھەق ئالمايتتى.

ئۇ زات ئەمرىبنى ھۇرەيسنىڭ ئوغلىنى قىرائەت ئىلمىدا بىر پۈتۈن يېتىش-تۈرگەندىن كېيىن، ئەمرىبنى ھۇرەيس ئۇ زاتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىسىل جابدۇلغان بىر تۆگە ھەدىيە قىلغاندا، ئۇ زات بۇ ھەدىينى قوبۇل قىلمىغان ۋە دېگەنكى: «بىز كىتابۇللاھقا ھەق ئالمايمىز» (ئىبنى سەئد). ئۇ زات مەسجىددە قىرىق يىل «قۇرئان كەرىم» دەرسىدە بولغانىدى. ئۇ زاتتىن كېيىن قىرائەت



ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى زەيدىبنى سابىت، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ھەزرىتى ئۇبەييىبنى كەئب ﵃ قاتارلىق ئۇلۇغ ساھابىلاردىن ئالغان بولۇپ، بۇ زاتلار تەجۋىدنى جانابى رەسۇلۇللاھ ﷺدىن بىۋاستە ھاسىل قىلغاندۇر.

---

ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمام ئاسىمغا يۈتكەلدى (تەھزىب). ئۇ زات يەنە ھەدىس ھافىزى ئىدى.

بۇ زاتنىڭ شەيخلىرى: ھەزرىتى ئۇمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى سەئدىبنى ئەبى ۋەققاس، ھەزرىتى خالىدىبنى ۋەلىد، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ھەزرىتى ھۇزەيفە، ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي، ھەزرىتى ئەبۇددەردا ۋە ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە ﵃لار ئىدى.

بۇ زاتنىڭ تالانتلىق شاگىرتلىرى: ھەزرىتى ئىبراھىم نەخەئىي، ھەزرىتى ئەلقەمە، ھەزرىتى سەئدىبنى ئۇبەيدە، ھەزرىتى ئەبۇ ئىسھاق، ھەزرىتى سەئدىبنى جۇبەير، ھەزرىتى ئەتائىبنى سابىت ۋە ھەزرىتى ئىمام ئاسىم رحمهم الله قاتارلىقلار ئىدى. بۇ زات ھىجرىيىنىڭ 73- يىلى ئابدۇلمەلىكنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە كۇفىدە ۋاپات بولغان.

ئەللامە ئابدۇل ئەزىم زەرقانى يازىدۇ: «ئىبنى ھەبىب سەلەمي ھەزرىتى ئەلى ﵁نىڭ يۇرەك پارىسى بولغان ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۇسەيىن ﵄لارغا ئۇستاز بولغان» («مەناھىلۇل ئىرفان»).

# خاتىمە

ئاي نۇرىمۇ ئون تۆتىنچى كېچىدە پۈتۈن تولغاندەك، بۇ كىتابىمۇ ئون تۆتىنچى دەرسنىڭ تۈگەنچىسىدە ئومۇمىي مەزمۇن پۈتۈنلەشتى. شۇڭا، مۇشۇ يەرگە يەتكەندە رىسالەمنى تاماملىدىم.

ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئەجرى ـ ئەمگىكىمنى مەقبۇل ۋە پايـدىلانغۇچىلارغا مەنپەئەتلىك قىلغايسەن.

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە قۇددۇسىي①لارنىڭ ھەققىمدە خالىسانە دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن②.

—— مۇئەللىف: ئەشرەف ئەلى تەھانەۋى. ھ 1333 ـ يىلى سەپەرنىڭ 5 ـ سى.

---

① بەررى سەغىردىكى سىلسىلە چىشتىييە سابىرىييىنىڭ مەشھۇر تەرىقەت شەيخى ھەزرىتى مەۋلانا شەيخ ئابدۇلقۇددۇس گۇنگۇھىي (ھىجرىيىنىڭ 944 ـ يىلى جەمادىيەلئاخىرنىڭ 23 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيىنىڭ 1537 ـ يىلى ۋاپات بولـغان)نىڭ ئەۋلادلىرى —— قۇددۇسىي دېيىلىدۇ. بەزى ئۇلۇغلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مۇئەللىف ھەزرەت تەجۋىد ھەققىدىكى مۇشۇ رىسالىنى شۇلارغا تۈزۈپ بەرگەن.

② تەرجىمان —— ئەبۇ ئالىيەنىڭمۇ پايدىلانغۇچىلاردىن دۇئا ئۈمىدى بار.



# ئىزاھات

**«ضاد» ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدا:** «ضاد» ھەرپى تىلنىڭ يېنى بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇ ھەرپ، ئەرەب تىلىدىن باشقا تىللاردا يوق. بۇ ھەرپنىڭ مەخرىجى مەلۇم، صفات لازىمەسى مەشھۇر. لېكىن، بۇنى ئورۇنداشتا تەجۋىد ئالىملىرى ئارا قاتتىق ئىختىلاپ بار. ئاۋاملار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

ھەقىقەت شۇكى، بۇ ھەرپ تىلنىڭ سول يان قىسمىنى ئۆزۈنىسىغا بويلاپ، ئۈستۈن تەرەپتىكى ئاخىرقى ئېزىق چىشـتىن باشلاپ جەمئىي بەش چىش (نواجذ، طواحن ۋە ضـواحك قاتارلىقلار)قا تىرەپ تۇرۇپ، تاۋۇش يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (جهرنىڭ ۋەجھىدىن). تاۋۇش پەيدىن ـ پەي توختايدۇ (رخوةنىڭ ۋەجھىدىن). ئېغىز توشۇپ تاۋۇش تازا توم ئېلىنىدۇ (إستعلاء ۋە إطباقنىڭ ۋەجھىدىن). تېز ئورۇندالماستىن، بەلكى تىل يېنى تىرىلىپ تۇرۇپ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (إِسـتطالة ۋە إِصماتنىڭ ۋەجھىدىن).

ئەللامە جەزەرىي ئۆزىنىڭ كىتابى «تەمهىد»دا: «ضـاد» ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلىش قىيىن، دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كـ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ـشىلەردە ھەرخىل تۈستىكى تەلەپپۇز ئاڭلىنىدۇ. لېكىن توغـ
ـرىسى ناھايىتى ئاز. بەزىلەر «ظاء» چىقىرىپ قويىدۇ. چۈنكى
«ضاد» بىلەن «ظاء» إِستطالة دېگەن سۈپەتتىن باشقا ھەممە
سۈپەتلەردە ئورتاقتۇر. شۇنداقلا كۆپ ساندىكى سۆرىيىلىكلەرمۇ
«ظاء»غا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىدۇ. روشەنكى، بۇنداق ئوقۇش
خاتادۇر.

مەشھۇر نەھۋى ئىمامى ئىبنى جىننى ئۆزىنىڭ كىتابى
«تەنبىھ»تا ئېيتىدۇ: بەزى ئەرەبلەر «ضاد»نى بەئەينى «ظاء»
قىلىپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەمما، ئاۋام ئۇچۇن كەڭچىلىك بار.
بەزى كىشىلەر تىل يېنىنى ئېزىق چىشلارغا بىر پۈتۈن تىرىمەي
«طاء»دەكلا ئورۇنداپ قويىدۇ. بۇ مىسىر ۋە غەربىي قىسىمدىكى
ئاھالىلەرنىڭ چولتىلىقىدۇر. بەزى كىشىلەر قىلىن ئېلىنىدىغان
«دال» چىقىرىپ قويىدۇ. بەزىلەر قىلىن ئېلىنىدىغان «لام» چىـ
ـقىرىپ قويىدۇ، خۇددى زەيلەئىي ۋە باشقىلارنىڭ تەلەپپۇزىدەك
(«نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 96 ـ، 97 ـ بەتلەر).

ئەللامە مەرئەشى «رىئايە»دىن نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇ:
مۇجەۋۋىد قارىنىڭ «ضاد»نى مفخّمة، مستعلية، مطبقة، مستطيلة
قاتارلىق سۈپەتلەرگە تولۇق چۈشۈرۈپ ئورۇندىشى زۆرۈردۇر. بۇ
ھالەتتە ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھاۋانىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن
تاۋۇش ئېنىق بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىپنى ئورۇنداشتا چەكتىن
ئاشۇرىۋەتسە، چېكىتلىك «ظاء» تەلەپپۇز قىلىنىپ قالىدۇ. دېـ
ـمەك، بۇ ھەر ھالدا ئورۇنداش قىيىن ھەرىپتۇر. شۇڭا، تەجۋىد



تەلەپپۇزىغا ماھىر، تىلى ناھايىتى سىلىق ئۇستازدىن ئاڭلاپ،
ياخشى مەشىق قىلىش زۆرۈردۇر. «ضاد»نى توغرا تەلەپپۇز
قىلسا، ئاڭلىنىشتا «ظاء»غا ناھايىتى يېقىن ئاڭلىنىدۇ. فما ذا بعد
الحق الّا الضلال («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 87 ـ بەت).

سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىدىن «ضاد» ھەرىپىنى مەخرەج ۋە
سۈپەتلىرىگە چۈشۈرۈپ، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلغاندا، ئاڭلىـ
ـنىشتا «ضاد» تاۋۇشى بىلەن «ظاء» تاۋۇشى بىر ـ بىرىگە ئوخـ
ـشىشىدىغانلىقى تەۋاتۇر يولى بىلەن كەلدى.

ئەللامە ئىبنى تەيمىييە ﷺ ئېيتىدۇ: «‹ضاد› بىلەن ‹ظاء›دىن
ئىبارەت بۇ ئىككى ھەرپ ئاڭلىنىشتا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ».
شۇڭا، بەزى كىشىلەر چەكتىن ئېشىپ، «ضاد» ھەرىپىنى
بەئەينى «ظاء» ئوقۇتۇش لازىم دېگەن خاتا ئويدا بولىدۇ. بۇ
ئويىنىمۇ توغرا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە
1617 جايدا «ضاد» ھەرىپىنىڭ خەت رەسمىيىتى ۋە تەلەپپۇزىـ
ـنىڭ بارلىقىغا ھەممەيلەن ئىقرار بولماي ئامال يوق. يەنە «ظهر»،
«عظيم» قاتارلىق كەلىمىلەردە «ظاء» ھەرىپىنىڭ بارلىقىغا، بۇنىڭ
«ضاد» ھەرپى ئەمەسلىكىگىمۇ ئىقرار بولماي ئامال يوق. «ضوء»،
« فضل»، «رمضان» قاتارلىق كەلىمىلەردە «ضاد» ھەرىپىنىڭ بارلىـ
ـقىغا، ئۇنىڭ «ظاء» ھەرپى ئەمەسلىكىگىمۇ ئىقرار بولماي ئامال
يوق، يەنى ئەرەب تىلىدا بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھەرىپتۇر[1]
(«فەتاۋا» 23 ـ قىسىم 250 ـ بەت).

---

① ئۆلىمالارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى پەقەت ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدىـ
ـغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا، «ضاد» بىلەن «ظاء»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى
ھەرىپنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ياخشى تونۇۋېلىش زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شەيخ يۇسۇف خەلفە ئەبۇ بەكرى سۇدانىي ئۆزىنىڭ «ئەسۋاتۇل قۇرئان» دېگەن كىتابىدا ئېيتىدۇ: بىزنىڭ مەشايىخلار «ضاد»نىڭ مەخرەجى حافة لسان يُمنٰى، ياكى حافة لسان يُسرٰى، ياكى ئىككىلىسى دەپ ئوقۇتۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۆگەتكۈچىلەرگە «دال»غا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلدۇرۇش ئادەت بولۇپ قالدى. بۇنداق تەلەپپۇز قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بارلىق تەجۋىد ئالىملىرى بۇنى رخوة ھەرپىگە تەيىن قىلغان بولۇپ، مەخرەجدە تاۋۇش پەيدىن-پەي توختايدۇ، دېگەنگە ئىتتىپاق كەلگەندۇر، يەنى مەخرەجدە تاۋۇشنىڭ چەكلىنىشى زەئىپ بولىدۇ («ئەسۋاتۇل قۇرئان» 70 ـ بەت).

ئەللامە سەييۇتىي ئېيتىدۇ: «‹ضـاد› بىلەن ‹ظـاء›نىڭ سۈپەتلىرىدە ئورتاقلىق بولغانلىقتىن تاۋۇشتا ئوخشاشلىق مەۋجۇد» («ئەلئىتقان فىئۇلۇمىل قۇرئان» 1 ـ قىسىم 122 ـ بەت).

ھەقىقەت شۇكى، «ضاد»تا ئازغىنە تَفَشّىمۇ مەۋجۇد. جۇمھۇر مەشايىخلار گەرچە تفشى «شىن» ھەرپىگىلا مەنسۇپ دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن «ضـاد» ھەققىدە ئىنكار يوق. چۈنكى، «ضاد»تىكى تفشى زەئىپتۇر. تەپسىلىنى بىلىش ئۈچۈن «نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد»، «بەيانۇس سىپەتىت تەفەششى» قاتارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.

بىزدىكى ساقلىنالمايۋاتقان ئىللەت شۇكى، ئوخشىتىلىنغۇچى بولغان «ظـاء» ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەردە توغرا ئەمەس. چۈنكى «ظاء» صـفىر سۈپىتىگە ئىگە



«زاء»غا يېقىنلىشىپلا قالىدۇ. ھەتتا، خىيالمۇ شۇنداق ئوخشاشلىقتا ئورۇن قالدۇرۇپ قويىدۇ. دېمەك، «ظاء» بىلەن «ضاد»نى صفير دېگەن سۈپەتتە بىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش زۆرۈردۇر.

كۆپ ساندىكى مىسىرلىق تەجۋىد ۋە قىرائەت ئۇستازلىرىنىڭ ھالىغا نەزەر تاشلايلى!

مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار «ضاد» ھەرپىنى «ظـاء»غا ئوخشىتىپ ئوقۇسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىگە خىلاپ بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنى بۇنىڭدىن قاتتىق مەنئىي قىلىشىدۇ. ئەگەر «ضاد»نى خالىس «دال»نىڭ مەخرەجىدىن چىقارسا، «بۇ توغرا بولدى»، دېيىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىسىر تەجۋىدچىلىرى «دال»غا ئوخشىتىپ چىقارغان «ضاد»نى ضاد مُحْدَثَة دەپ قارار قىلىشتى («لەھنۇل ئاممەتىز زۇبەيدىييۇ» 225 ـ، 226 ـ بەت).

ئاللاھقا شۈكۈر، پاكىستاندا ھازىر بۇ ئىختىلاپىي مۇسىبەت يېقىندا تۈگىدى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە شۇ قەدەر قاتتىق ئىختىلاپ بولغانكى، تەجۋىدچىلەر بىر-بىرىنى كۇفرىغىچە نىسبەت بېرىشىپ، ھەتتا مەسجىدلىرىمۇ ئايرىم، ئىماملىرىمۇ ئايرىم بولۇپ كەتكەن.

مۇھتەرەم ئۇستاز ھەزرىتى قارى ئابدۇلمالىكنىڭ دەرسكە ئولتۇرۇشى بىلەن بۇ جېدەل-ماجىرالار ئۆزلىكىدىن يوقۇلۇپ تەجۋىد بىرلىكى كۆرۈنەرلىك ھالدا يېڭىدىن ئۆز مەقسىتىنى تىكلىدى. ھازىر بۇ توغرىدىكى ئىختىلاپلار پۈتۈنلەي ھەل بولدى.

**مەدلەرنىڭ مىقدارى:** بۇ «جمال القرآن» ئەسلىدە ئىپتىدائى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر رىسالە ئىدى. بۇنىڭغا شەرھى يازغانلار ئۇزۇن بەس-مۇنازىرە قىلىش ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىخچام ھەم ئوقۇمۇشلۇق بۇ رىسالىنى تېپىشماققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ سەۋەبلىك ئىپتىدائى ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن «شاتىبىييە»، «تەييىبە»، «نەشر كەبىر» ۋە «تەيسىر» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن بۇ «جمال القرآن»نى قولغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇئەللىف ھەزرەت كۆرسەتكەن مد متصل، مد منفصل، مد لازم قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى، بەزى شەرھى يازغۇچىلار ئۈچۈن بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغان.

چوڭ-چوڭ تەجۋىد كىتابلىرىدىمۇ يېزىلغانكى، مد متصل توغرىسىدا ئىمام ئاسىمنىڭ توسُّطتىن مۇرادى تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەتتۇر.

شەيخ ئەلى مۇھەممەد زەبباﺉ ئېيتىدۇ: «ئىبنى ئامىر شامىي، كىسائىي ۋە ئاسىم قاتارلىقلار مد متصل ۋە منفصلنى تۆت ھەرىكەت مىقدارى سوزىدۇ».

ئىمام ئاسىم ئۈچۈن يەنە بىر مەزھەبمۇ بار، يەنى ئىككىلىسىنى بەش ھەرىكەت مىقدارى سوزۇش («ئىرشادۇل مۇرىد» 84-بەت، ئىبرازۇل مەئانىينىڭ چۆرىسىدە).

«جمال القرآن»دىكى مد لازم دەپ ئاتالغان مەدنىڭ مىقدارى ئۈچ «الف»تۇر. مد لازمنىڭ تۆتىلى قىسىمدا مەشھۇر يەتتە



قارىنىڭ كۆز قارىشىدا طُولدىن ئالتە ھەرىكەت مىقدارى مۇراد بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «جمال القرآن»نىڭ «ئۈچ الف» دېگەن سۆزىدىن ئالتە ھەرىكەت مۇراد بولىدۇ. دەل مۇشۇ ئىختىلاپسىز طُولنىڭ مىقدارىدۇر.

ھاسىلكالام، گەپ ئەسلىدە مۇنچىلىكلا ئىدى: مۇئەللىف ھەزرەت مد متصل ۋە مد منفصلدە «الف»نى سۆزلەپ بىر ھەرىكەت مىقدارىنى ئىرادە قىلغانىدى. مد لازمنىڭ بايانىدىكى «الف»تىن ئىككى ھەرىكەت مىقدارىنى ئىرادە قىلغانىدى. ئەگەر بۇ نەزەردە تۇتۇلمىسا، ئوقۇغۇچىلار مد متصل ۋە منفصلدا مىقدار زىيادە، مد لازمدا كەم ئىكەن، دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ، ۋەھالەنكى ئىش بۇنىڭ ئەكسىچىدۇر.

بىلىش لازىمكى، مد متصلدا بىر نەرسە ئىتتىپاقىي، يەنە بىرنەرسە ئىختىلاپىيدۇر.

ئىتتىپاقىي نەرسە شۇكى، مد متصلنى ئەسلى مىقداردىن ئارتۇق سوزۇشقا بارچە قارىلار ئىتتىپاق بولۇپ، ھېچقانداق ئورۇندا قَصْر جائىز ئەمەس.

ئىختىلاپىي نەرسە شۇكى، بۇ ئەسلى مەدكە زىيادە قىلىش مىقداردا قارىلارنىڭ كۆز قارىشى ھەر خىلدۇر: ئىمام ھەمزە طُول قىلىدۇ. بۇ زاتنىڭ مۆلچىرى ئۈچ «الف» مىقدارى (ئالتە ھەرىكەت). ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئاسىم بولۇپ، بۇ زاتنىڭ مۆلچىرى بۇ يەردە ئىككى «الف» مىقدارى (تۆت ھەرىكەت)، يەنە بىر قاراشتا ئىككى يېرىم «الف» مىقدارى (بەش ھەرىكەت)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شامىي ۋە كىسائىينىڭ قارىشىدا بۇ يەردە ئىككى «الف» مىقدارى (تۆت ھەرىكەت)، قالۇن، ئىبنى كەسىر ۋە ئەبۇ ئەمرى بەسرىينىڭ قاراشلىرىدا بۇ يەردە ئىككى «الف» مىقدارى (تۆت ھەرىكەت)، يەنە بىر قاراشتا بىر يېرىم «الف» مىقدارى (ئۈچ ھەرىكەت)دۇر.

بىزنىڭ مەشايىخلار ھەرىكەت مىقدارىنىڭ مۆلچەرىنى بارماقلارنىڭ ئېچىلىشى ياكى يۇمۇلۇشى مىقدارى بىلەن كۆرسىتىدۇ. ئېچىش ياكى يۇمۇش بەك تېز ياكى بەك ئاستا بولماي، ئوتتۇراھال بولۇشى لازىم.

طُول بەش «الف» مىقداردا بولىدۇ دېيىلسە، ئاگاھ بولۇڭكى، ئۇنىڭ قارىشىدا بىر «الف»نىڭ مىقدارى بىر ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، ئەسلى مەدنى بۇ مىقدار ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ. بۇ ئىككىنى قوشساق، ئالتە ھەرىكەت بولىدۇ. شۇنىڭدەك توسُّطنىڭ مىقدارى ئۈچ «الف» ياكى ئىككى «الف» دېگەن بولسا، بىلىۋېلىڭكى، ئۇنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭغا بىر ھەرىكەت بولغان ئەسلى مەدنىڭ مىقدارى ئۆز ئىچىگە ئېلىنمىغاندۇر. بولۇپمۇ بىز توختىلىۋاتقان مىقدارنى كۆڭۈل قويۇپ چۈشىنىۋېلىش لازىم («نىھايەتۇل قەۋلىل مۇفىد» 170~169- بەت).

مەزكۇر ھاۋالە بىلەن گەپ ئېنىق بولىدىكى، «جمال القرآن»نىڭ مۇئەللىفى ئەشرەف ئەلى تەھانەۋى مد متصلنىڭ مىقدارىنى ئۈچ «الف» ياكى تۆت «الف» مىقدارى دەپ، بىر «الف»تىن بىر ھەرىكەت مىقدارىنى ئىرادە قىلىدىغانلارنىڭ سۆزىنى ياقلىغان.



بۇ مۇنداق دېگەنلىكتۇر: بۇ بىر ھەرىكەت مىقدارىدىكى ئەسلى مەدنىڭ مىقدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئەسلى مەدنىڭ مىقدارىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدۇرغان ئاساستا چۈشەنسەك، مد متصلنىڭ مىقدارى تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەت بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىمام ئاسىمنىڭ قارىشىدىمۇ، توسُّطنىڭ مىقدارىدا مد متصل توغرىسىدا ئىككى قاراش بار (تۆت ھەرىكەت ياكى بەش ھەرىكەت مىقدارى). ئۇنىڭ كەينىدىن «جمال القرآن»نىڭ مۇئەللىفى مد لازم توغرىسىدا طُولنىڭ مىقدارىنى ئۈچ «الف» بىلەن مۆلچەرلىدى. بۇنىڭدىن ئالتە ھەرىكەت مىقدارىنى ئىرادە قىلغان.

ھاسىلىكالام، «جمال القرآن» مەد مىقدارلىرىنى بايان قىلىشتا، تەجۋىد مەشايىخلىرىنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكىنى يوق. مد متصل ۋە منفصلدە بىر «الف» مىقدارى ــــ بىر ھەرىكەت مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ، دېگەن قاراش ياقلانغان. مد لازمدا بىر «الف» مىقدارى ــــ ئىككى ھەرىكەت مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ، دېگەن قاراش ياقلانغان. بۇ ئىككى ئاتالغۇ مەشايىخ كىراملاردىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

ئاللاھقا شۈكۈر، بۇ شەرھلەر بىلەن كاللىمىزدىكى زىددىيەتمۇ ھەل بولدى.

**رموز اوقاف قرآن مجيد:** «قۇرئان كەرىم» **ئايەتلىرىدىكى وقف (تىنىش) بەلگىلىرى توغرىسىدا:** «قۇرئان كەرىم»دە تىنىش بەلگىلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ

ئۆچۈن تەجۋىد ئۆلىمالىرى تىنىش ۋە تۇرغۇچ بەلگىلىرىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. تۆۋەندە تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى كۆرستىلىدۇ:

۝ ـــ بولسا، «وقف تام»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭدا توختاش كېرەك. بۇ، ئايەت تولۇق ئاياغلاشقاندا يېزىلىدىغان بەلگىدۇر.

م ـــ «وقف لازم»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردە قەتئىي توختاش لازىم. ئەگەر توختىمىسا مەنىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

ط ـــ «وقف مطلَق»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردىمۇ توختاش لازىم. بۇ، مەزمۇن تېخى تولۇق ئاياغلىشىپ بولمىغان يەرگە قويۇلىدىغان بەلگىدۇر.

ج ـــ «وقف جائز»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردە توختاش ئەۋزەل، توختىماسلىق جائىزدۇر.

ز ـــ «وقف مجوَّز»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردە توختىـ ـماسلىق ئەۋزەلدۇر.

ص ـــ «وقف مرخَّص»نىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردىمۇ توختىماسلىق ئەۋزەلدۇر. لېكىن نەپەس يېتىشمەي قالغاندا توختىسا، ئىلاجسىزلىقتىن رۇخسەتتۇر. مەلۇم بولىدىكى، «ز»گە قارىغاندا «ص»تا ئۇلاپ ئوقۇش كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

صلے ـــ «اَلْوَصْلُ أَوْلٰى»نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلاپ ئوقۇش، يەنى توختىماسلىق ئەۋزەلدۇر.



ق ـــ «قِيْلَ عَلَيْهِ الْوَقْفُ»نىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، بۇ يەردىمۇ توختىماسلىق ئەۋزەلدۇر.

صَل ـــ «قَدْ يُوْصَلُ»نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇنىڭدا توختاش ئەۋزەلدۇر.

قِفْ ـــ بۇنىڭ مەنىسى «توختا» دېگەنلىكتۇر. بۇ، تىلاۋەت قىلغۇچى ئۇلاپ ئوقۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان يەرگە ئالاھىدە ئەسكەرتىش تەرىقىسىدە قويۇلىدىغان بەلگىدۇر.

س ياكى سكتة ـــ بۇ، «ئازغىنە توختاش لېكىن نەپەس ئۈزمەسلىك»، دېگەننىڭ بەلگىسىدۇر.

وقفة ـــ ئۇزۇنراق «سكتة» قىلىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ يەردە «سكتة»گە نىسبەتەن ئارتۇقراق توختاش لېكىن نەپەس ئۈزمەسلىك لازىم. «سكتة» ۋە «وقفة»دىكى پەرق شۇكى، توختـ ـتاش «سكتة»دە كەمرەك، «وقفة»دە زىيادىراق بولىدۇ.

لا ـــ بۇنىڭ مەنىسى «ياق». بۇ بەلگە بەزىدە ئايەت ـ تۇرغۇچلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، بەزىدە كەلىمىلەرنىڭ ئارىـ ـسىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر كەلىمىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسا ھەرگىز توختىماسلىق لازىم. ئايەت ـ تۇرغۇچلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغىـ ـنىدا ئىختىلاپ بار: بەزى ئۆلىمالار توختاش ئەۋزەل دېسە، بەزىلىرى توختىماسلىق ئەۋزەل دەپ قارايدۇ. لېكىن توختاش ياكى توختىماسلىق بىلەن مەناغا نۇقسان يەتمەيدۇ.

ع ـــ سۇرە بۆلەكلىرىدىكى رۇكۇنىڭ ئورنىنى، يەنى شۇ سۇرىنى نامازدا ئوقۇغاندا رۇكۇ قىلىشقا بولىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىـ ـتىدىغان بەلگىدۇر.

ك ـــ «كذلك» دېگەننىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

السجدة ياكى ۩ ـــ سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندىن كېيىن، سەجدىگە ئەمرى قىلىنغانلىقنى بىلدۈرىدىغان بەلگىدۇر.

ۛ ۛ ـــ بۇ بەلگىنىڭ ئوتتۇرىدا مەلۇم كەلىمە كەلسە، بۇنىڭدا ئىختىيارلىق بار: بىرىنچى ئۈچ چېكىتتە توختىسا، ئىككىنچى ئۈچ چېكىتتە ئۇلاپ ئوقۇش لازىم. ئەگەر بىرىنچى ئۈچ چېكىتتە ئۇلاپ ئوقۇسا، ئىككىنچى ئۈچ چېكىتتە توختاش لازىم. بۇ مُعَانَقَة ياكى مُرَاقَبَة دەپ ئاتىلىدۇ.

صَلَّى اللهُ عَلَى سَيِّدِنَا وَمَوْلَانَا مُحَمَّدٍ وَاٰلِهٖ وَصَحْبِهٖ وَسَلَّمَ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قوشۇمچە:

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# مَا يَتَعَلَّقُ بِالْقِرَاءَةِ وَزَلَّةِ الْقَارِي

نامازدا «قۇرئان كەرىم»نى توغرا ياكى خاتا ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر





بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

## نەپەس ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئايەت ياكى كەلىمىنى تەكرار ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: نامازدا قىرائەت قىلىۋېتىپ نەپەس ئۈزۈلۈپ كەتكەنـلىكتىن، كەلىمە ياكى ئايەت پۈتۈن ئوقۇلمىغان تەقدىردە، شۇ كەلىمىنى ياكى شۇ ئايەتنى تەكرار ئوقۇپ سالسا، ناماز فاسىد بولامدۇ؟

ج: بۇنداق تەكرار ئوقۇش قىرائەتنىڭ ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق. شۇڭا، بۇ نامازنى فاسىد قىلمايدۇ. كَمَا لَا يَخْفٰى عَلَى مَنْ مَارَسَ الْكُتُبَ الْفِقْهِيَّةَ فَقَطْ واللهُ اَعْلَمُ.

## ئۇزۇن ئايەتنى نامازدا ئۈچ رەكئەتكە بۆلۈپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: ئەگەر ئۇزۇن بىر ئايەتنى ئاز-ئازدىن بۆلۈپ ئۈچ رەكئەتكە تەكشى يەتكۈزسە، مەسىلەن: ﴿لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ

حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْمَرِيضِ﴾دىن ﴿عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٧﴾﴾[1]غىچە ئۈچ رەكئەتتە ئوقۇلسا، «قىرائەت»تىن ئىبارەت نامازنىڭ رۇكنى توغرا ئادا تاپامدۇ؟

ج: بۇ ئايەتنى ئىككى رەكئەتتە بۆلۈپ ئوقۇسا سەھىھ گەپ، بۇنىڭدا ناماز ئادا بولىدۇ. «كما فى الدر المختار ولو قرأ آيةً طويلةً فى الركعتين فالاصحُ الصحة اتفاقا لانه يزيد على ثلاث آيات قصار قاله الحلبى» (در مختار على الشامية 1ـج، ص397). ئەگەر ئۈچ رەكئەتتە بۆلۈپ ئوقۇلسا، ناماز دۇرۇس بولمايدۇ.

## ﴿ٱلْمُجْرِمِينَ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: تەراۋىھ نامىزىدا مەنە جەھەتتە خاتالىق يۈز بەرسە، مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە ئەھقاف»نىڭ 25ـ ئايىتىدە ئاد قەۋمىنىڭ كۇفرى ھالەتلىرى ئەسلىتىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلدى: ﴿كَذَٰلِكَ نَجْزِي ٱلْقَوْمَ ٱلْمُجْرِمِينَ﴾. بۇنىڭدىكى ﴿ٱلْمُجْرِمِينَ﴾نىڭ ئورنىغا ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ ئوقۇلۇپ كەتسە ھەم توغرىلىنىۋېلىنمىسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: مەزكۇر مەسىلىدە ناماز فاسىد بولىدۇ. چۈنكى، مەنە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

---

[1] 48ـ سۈرە فەتھ.



## نامازدا «سۈرە تەۋبە»نىڭ بېشىدا «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ النَّارِ»نى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: «سۈرە تەۋبە»نى باشلىغاندا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾نىڭ ئورنىدا «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ النَّارِ وَمِنْ شَرِّ الْكُفَّارِ وَمِنْ غَضَبِ الْجَبَّارِ اَلْعِزَّةُ لِلّهِ وَلِرَسُوْلِهِ وَلِلْمُؤْمِنِيْنَ»نى ئوقۇش لازىممۇ؟ ئەگەر تەراۋىھ ياكى باشقا نامازدا ئوقۇسا، ناماز فاسىد بولامدۇ؟

ج: «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ النَّارِ ومِنْ شَرِّ الْكُفَّارِ» ئايەت ئەمەس. شۇڭا، بۇنى نامازدا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾نىڭ ئورنىدا ئوقۇش توغرا ئەمەس. ناۋادا تەراۋىھتا ئوقۇلۇپ قالسا، ناماز فاسىد بولمايدۇ. بىراق، مەكرۇھ بولۇپ قالىدۇ. «ولا بأس للمتطوع المنفرد ان يتعوذ من النار ويسئل الرحمة عند آية الرحمة اواستغفر وان كان فى الفرض يكره واما الامام والمقتدى فلا يفعل ذلك فى الفرض ولا فى النفل». كذا فى المنية (عالمگيرى1ـج، ص 56).

## ﴿خَيۡرًا يَرَهُۥ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرًّا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام ﴿خَيۡرًا يَرَهُۥ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرًّا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇپ سالسا ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ئەگەر ﴿خَيۡرًا يَرَهُۥ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرًّا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇپ سالـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـسا ھەمدە ئىككىنچى جايدىمۇ ﴿شَرًّا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇپ سالسا، ياكى ﴿خَيۡرًا يَرَهُۥ﴾ ئوقۇلسا، بىرىنچى ھالەتتە ئايەت تەكرار ياكى تەرك بولدى. ئىككىنچى ھالەتتە ئايەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولدى. بۇنداق ئىككىلى ئەھۋالدا ناماز بۇزۇلمايدۇ. «ومنها الخطاء فى التقديم والتأخير ان قدم كلمة على كلمة اواخر ان لم يتغير المعنى لا تفسد» اه (عالمگيرى 1ـج، ص 41).

## ﴿أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ﴾دىكى ﴿كُلَّ﴾نى پەش ئوقۇغاننىڭ ھۆكمى

س: ئىمام نامازدا ﴿أَلۡقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ﴾دىكى «لام»نى زەبەر ئوقۇيدىغاننىڭ ئورنىغا پەش ئوقۇپ سالسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: مەنە ئۆزگەرمىگەنلىكتىن ناماز فاسىد بولمايدۇ. «وفى العالمگيرية ومنها اللحن فى الاعراب الخ لحنا لا يغير المعنى بان قرأ ﴿لَا تَرۡفَعُوٓاْ أَصۡوَٰتَكُمۡ﴾ برفع التاء لا تفسد صلوته بالاجماع» اه (1ـج، ص 42).

## «ص»نى «س» ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئەگەر بىرسى نامازدا «ص»نى «س» ئوقۇپ سالسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟



ج: ئەگەر «س» بىلەن «ص»نى ئېنىق ئايرىيالايدىغان تۇرۇپ، يەنىلا قەستەن بىر ھەرپنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ھەرپنى ئوقۇسا، ناماز فاسىد بولىدۇ. ئېغىزدىن ئىختىيارسىز ھالەتتە چىقىپ كەتسە ياكى ئىككى ھەرپنى ئايرىيالمىسا، ئۇ چاغدا ناماز فاسىد بولمايدۇ. «قال القاضى ابو عاصم ان تعمد ذلك تفسد وان جرى على لسانه اولا يعرف التمييز لا تفسد وهو المختار حلية وفى البزازية وهو اعدل الاقاويل وهو المختار» اه (شامى 1ـج، ص 468).

## ﴿مُسۡلِمِينَ﴾نى ﴿مُسۡرِفِينَ﴾ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: نامازدا ﴿مُسۡلِمِينَ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿مُسۡرِفِينَ﴾ ئوقۇلۇپ كەتسە، ناماز فاسىد بولامدۇ؟

ج: بۇ ئەڭ ئېغىر خاتالىقتۇر. بۇنىڭدا ناماز دۇرۇس بولمايدۇ، نامازنى قايتا ئوقۇش زۆرۈر.

## ﴿لَوۡلَآ﴾نى تەكرار ئوقۇپ قويۇشنىڭ ھۆكمى

س: بىر ئادەم جۈمە نامىزىدا «سۈرە مۇنافىقۇن»نىڭ 10ـ ئايىتىنى ئوقۇدى. ئۇ ﴿فَيَقُولَ رَبِّ لَوۡلَآ﴾غا يەتكەندە، نەپەسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ﴿لَوۡلَآ أَخَّرۡتَنِيٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ﴾دىن قايتىلاپ سۈرە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ـنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇدى. باشقا بىر ئادەم: «بۇ ناماز بولمىدى»، دېدى. ئۇنىڭغا: «دەلىلىڭنى كۆرسەتكىن»، دېيىلىۋىدى، ئۇ ئىنكار سۆزىنىڭ تەكرار تېپىشىدىن ئىسپات لازىم كېلىدۇ. شۇڭا، ناماز دۇرۇس بولمىدى، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئادەمنىڭ دەلىلى توغرىمۇ؟

ج: بۇ ناماز دۇرۇس بولغان. فاسىد بولۇشقا نەقلىي دەلىل زۆرۈر، ئەقلىي دەلىلنى ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ. نەپەس ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ﴿لَوۡلَا﴾نى تەكرار ئوقۇش دۇرۇس، بەلكى زۆرۈر ئىدى.

## ﴿مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ﴾نى ﴿قَرِيبًا﴾ دەپ زەبەرلىك ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: بىر ئادەم ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپ، ﴿يَوۡمَ يُنَادِ ٱلۡمُنَادِ مِن مَّكَانٖ قَرِيبٖ﴾دىكى ﴿قَرِيبٖ﴾نى ﴿قَرِيبًا﴾ دەپ زەبەر ئوقۇپ قويىدى، ناماز دۇرۇس بولدىمۇ؟

ج: ناماز دۇرۇس بولىدى، قايتا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. «امّا الخطاء فى الاعراب اذا لم يغير المعنى لا تفسد الصلوة عند الكل الى قوله لان الخطاء فى الاعراب مما لا يمكن الاحتراز عنه فيعذر» (فى الخانية 1ـ ج، ص 67).



## ﴿أَكِيدُ كَيۡدٗا﴾نى ﴿يَكِيدُ كَيۡدًا﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام بامدات نامىزىدا ﴿إِنَّهُمۡ يَكِيدُونَ كَيۡدٗا وَأَكِيدُ كَيۡدٗا﴾نىڭ ئورنىدا ﴿إِنَّهُمۡ يَكِيدُونَ كَيۡدًا ويَكِيدُ كَيۡدًا﴾ ئوقۇپ سالدى. بۇ ناماز دۇرۇس بولدىمۇ؟

ج: فىقھى كىتابلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، مەزكۇر مەسىلىدە ناماز فاسىد بولمايدۇ. شۇڭا قايتا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. قال: «﴿فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ﴾ قرأ بالتاء ﴿تُرِيدُ﴾ لا تفسد صلوته» (فى فتاوى قاضيخان 1ـ ج، ص 69).

## ﴿خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾نى ﴿شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام نامازدا ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾تىكى ﴿خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾نىڭ ئورنىغا ﴿شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾ ئوقۇپ سالسا ياكى ﴿رَسُولٞ مِّنَ ٱللَّهِ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿رَسُول مِنۡهُم﴾ دەپ ئوقۇپ قويسا ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: ئىككىلىلا ھالەتتە ناماز فاسىد بولىدۇ.

## ﴿ ثُمَّ لَمۡ يَتُوبُواْ ﴾دا ۋەقفە قىلىپ سىلىپ، ئاندىن ﴿يَتُوبُواْ﴾ دەپ ئوقۇپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

س: بىر ئىمام نامازدا «سۈرە بۇرۇج»نى ئوقۇدى، ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ فَتَنُواْ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ ﴿ثُمَّ لَمۡ يَتُوبُواْ﴾دا نەپىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. نەپەس ئېلىۋېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغاندا، ﴿يَتُوبُواْ﴾دىنلا باشلاپ ئوقۇپ ﴿لَمۡ﴾نى ئوقۇمىدى. بىرەيلەن: «ناماز فاسىد بولدى. چۈنكى مەنە ئۆزگىرىپ كەتتى»، دېدى. بۇ كىشىنىڭ دەلىلى توغرىمۇ؟

ج: «وان تغير المعنى تغيرا فاحشا نحو ان يقرأ ﴿لَآ إِلَٰهَ﴾ ويقف ثم يبتدأ بقوله ﴿إِلَّا هُوَ﴾ اوقرأ ﴿وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ﴾ ويقف ثم يبتدأ ﴿عُزَيۡرٌ ٱبۡنُ ٱللَّهِ﴾ ونحو ذلك قال عامة العلمآء لا تفسد صلوته لما قلنا من المعنى وقال بعضهم تفسد» (قاضيخان 1ـ ج، ص 75). بۇ رىۋايەتتىن نامازنىڭ دۇرۇس بولۇۋەرگەنلىكى چىقىدۇ. ئەمما، كېلەر قېتىم بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغاي.

## ﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ﴾دىن كېيىن ﴿ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ﴾نى ئوقۇپ سىلىشنىڭ ھۆكمى

س: بىر ئىمام بار، تولا چاغلاردا قىرائەتتە خاتالىق سادىر قىلىدۇ:



1) «سۈرە قارىئە»دە ﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ﴾دىن كېيىن، ئۆتۈپ قېلىپ ﴿فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا هِيَهۡ﴾ دەپ ئوقۇپ كەتتى.

2) بىر قېتىم «سۈرە زەلزەلە»دە ﴿خَيۡرٗا يَرَهُۥ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ دەپ ئوقۇپ قويدى.

3) «سۈرە بەييىنە»دە ئۆتۈپ قېلىپ ﴿ خَيۡرُ ٱلۡبَرِيَّةِ ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ ﴾ ئوقۇپ قويدى.

4) «سۈرە زۇھا»دا ﴿وَلَا سَوۡفَ يُعۡطِيكَ ﴾، «سۈرە تىين»دا ﴿لَاقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ ﴾ دەپ ئوقۇدى. بۇ نامازلار دۇرۇس بولىدىمۇ؟

ج: بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ھالەتتە ناماز فاسىد بولىدۇ. دليله ما فى الهندية «اما اذا غير المعنى بان قرأ ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ﴾ تفسد صلوته عند عامة علمآئنا» اه (1ـ ج، ص 42). ئىككىنچى ھالەتتە ناماز فاسىد بولمايدۇ. تۆتىنچى ھالەتتە نامازنى ئېھتىيات يۈزىسىدىن قايتا ئوقۇش زۆرۈر.

## ﴿مَقۡتًا عِندَ ٱللَّهِ﴾نىڭ كەينىگە «عَلَى اللهِ»نى قوشۇشنىڭ ھۆكمى

س: سۈبھى نامىزىدا ئىمام بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە مۇددەسسىر»نى ئوقۇدى. ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە سەف»نى

ئوقۇدى: ﴿كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ ‹عَلَى اللهِ› أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾نى ئوقۇپ سالدى، يەنى «عَلَى اللهِ» دېگەن لەۋزىنى قوشۇپ قويدى. بۇ ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: «ومنها زيادة كلمة لا على وجه البدل، الكلمة الزائدة ان غيرت المعنى ووجدت فى القرآن نحو ان يقرأ ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ‹وَكَفَرُواْ› بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصِّدِّيقُونَ﴾ اولم يوجد نحو ان يقرأ ﴿إِنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ لِيَزْدَادُوٓاْ إِثْمًا ‹وَجَمَالًا›﴾ تفسد صلوته بلا خلاف وان لم تغير المعنى فان كانت فى القرآن نحو ان يقرأ ﴿إِنَّ ٱللَّهَ ‹كَانَ› بِعِبَادِهِۦ خَبِيرًا بَصِيرًا﴾ لا تفسد بالاجماع وان لم تكن فى القرآن نحو ان يقرأ ﴿فِيهِمَا فَٰكِهَةٌ وَنَخْلٌ ‹وَتُفَّاحٌ› وَرُمَّانٌ﴾ لا تفسد صلوته عند عامة المشائخ» اه (عالمگيرى 1ـ ج، ص 41). بۇ دەلىللەردىن ئېنىق بولدىكى، مەزكۇر مەسىلىدە ناماز فاسىد بولمايدۇ.

## ﴿يَوْمَ تَشَقَّقُ ٱلْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرَاعًا﴾ دەپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام ناماز ئوقۇۋېتىپ ﴿يَوْمَ تَشَقَّقُ ٱلْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرَاعًا﴾ دېگەن ئايەتتە ﴿سِرَاعًا﴾نىڭ ئورنىدا «سِرًّا» دەپ ئوقۇپ سالدى. بۇنىڭغا ئىقتىدا قىلغانلار ئارا ناماز فاسىد بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلار بولدى. بۇ ناماز دۇرۇسمۇ؟



ج: ﴿سِرَاعًا﴾نىڭ ئورنىدا «سِرًّا» ئوقۇش بىلەن ناماز فاسىد بولىدۇ. چۈنكى، ھەرىپ تاشلىنىپ قېلىپ، مەنە ئۆزگىرىپ كەتسە، ناماز فاسىد بولۇپ كېتىدۇ. «وان حذف حرفا اصليا من كلمة فتغير المعنى تفسد صلوته فى قول ابى حنيفة ومحمد رحمهما الله تعالى» (قاضيخان 1ـ ج، ص 73).

## «سۈرە بەقەرە»نىڭ ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ دېگەن ئايىتىنى تاشلىۋېتىپ ئوقۇپ سېلىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە بەقەرە»نىڭ بېشىدىن ﴿ٱلْمُفْلِحُونَ﴾غىچە ئوقۇدى. ئارىلىقتىكى ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾ دېگەن ئايەتنى تاشلىۋېتىپ، ئىككىنچى رەكئەتتە ﴿خَتَمَ ٱللَّهُ﴾دىن باشلاپ ئوقۇدى. بۇ ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: بۇ ناماز دۇرۇس بولغان. چۈنكى، وقف تام (كامىل توختاش بولغان ئورۇن، يەنى تۇرغۇچتا قىلىنغان وقف) قىلىنغاندىن كېيىن، ﴿خَتَمَ ٱللَّهُ﴾نى باشلىسا، ناماز فاسىد بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلاپ ئوقۇپ، ئارىلىقتا مەزكۇر ئايەت تاشلىنىپ قالغان بولسا، ناماز فاسىد بولىدۇ. «ولو قرأ ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ﴾ ووقف وقرأ بعد الوقف التام ﴿أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ﴾ او ﴿أُوْلَٰٓئِكَ هُمْ شَرُّ ٱلْبَرِيَّةِ﴾ وما اشبه ذلك مما فيه تغيير حكم الله تعالى على احد الفريقين بضده لا تفسد لصيرورة الكلام الثانى مبتدأ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

له غير متصل بالاول فلم يتعين الحكم بالضد ولو لم يقف ووصل قال عامة المشائخ تفسد صلوته لانه اخبر بخلاف ما اخبر به الله تعالى ولو اعتقده يكون كفرا» (كبيرى ص 453).

## ﴿لَا يَمۡلِكُونَ مِنۡهُ ‹إِلَّا› خِطَابًا﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: بىر ئىمام بامدات نامازدا «سۈرە نەبەئ»نى ئوقۇدى. ئوقۇپ كېتىۋېتىپ ﴿لَا يَمۡلِكُونَ مِنۡهُ خِطَابًا﴾نىڭ ئورنىغا «لَا يَمْلِكُوْنَ مِنْهُ ‹إِلَّا› خِطَابًا» دەپ ئوقۇدى. بۇ ناماز دۇرۇس بوپتىمۇ؟ ئەگەر ناماز دۇرۇس بولمىسا، ئىقتىدا قىلغانلار ۋە ئىمام ھېچقايسىسى بۇ يەردە مۇقىم ئەمەس. ئەگەر خەۋەر بېرىش مۇمكىن بولمىسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

ج: بۇ ناماز دۇرۇس بولمايدۇ. مۇمكىن بولغان يەرگىچە خەۋەر بېرىلگەي.

## بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ناس»نى ئوقۇسا، ئىككىنچى رەكئەتتە قايسى سۈرىنى ئوقۇش توغرىسىدا

س: بىر ئادەم نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە مەلۇم بىر ئايەت ياكى بىر سۈرە ئوقۇغان بولسا، ئىككىنچى رەكئىتىگە



ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئايەت ياكى سۈرىنى ئوقۇپ قالسا، مەسىلەن، بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ناس» ئوقۇپ، ئىككىنچى رەكئەتتە ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۈرىنى ئوقۇسا دۇرۇسمۇ؟

ج: قەستەن شۇنداق قىلىش مەكرۇھ. ئەگەر ئېسىدە يوق شۇنداق قىلىپ قالسا، ھېچقانداق كاراھەت يوق. ناماز ھەر ھالدا دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ناس»نى ئوقۇپ سالغان بولسا، ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ «سۈرە ناس»نى ئوقۇش لازىم. «قرأ فى الاولى ﴿بِقُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١﴾ يقرأ فى الثانية هذه السورة» اه (فتح القدير 1-ج، ص 243).

## ﴿وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ﴾دا ۋەقفە قىلغاندىن كېيىن، ﴿فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ﴾دىن باشلاپ ئوقۇپ كېتىشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام بىر كۈنى خۇپتەن نامازدا «سۈرە لەيلى»نى ئوقۇدى. ئەسلىدە ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ﴾دىن كېيىن ﴿فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ﴾نى ئوقۇسا بولاتتى. بىراق خاتا كېتىپ مۇنداق ئوقۇپ قويدى: ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ فَسَنُيَسِّرُهُۥ ‹لِلۡعُسۡرَىٰ› وَمَا يُغۡنِي عَنۡهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ﴾ الخ، يەنى ئارىلىقتا ئىككى-ئۈچ قىسقا ئايەتنىمۇ ئايرىپ قويدى ۋە مەنىمۇ خاتا بولدى، كېيىن ئوڭشىۋالمىدى. بۇ ناماز دۇرۇس بولدىمۇ؟

ج: ئەگەر ﴿بِٱلۡحُسۡنَىٰ﴾دا رەسمى توختاپ، ئاندىن ﴿فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ﴾نى ئوقۇسا، ناماز دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا مەنە بۇزۇلغانلىقتىن، ناماز دۇرۇس بولمايدۇ. «وان ذكر آية مكان آية ان وقف على الاولى وقفا تاما وابتدأ بالثانية لا تفسد صلوته كما لو قرأ ﴿وَٱلتِّينِ وَٱلزَّيۡتُونِ ۝١﴾ فوقف ثم ابتدأ ﴿لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِي كَبَدٍ ۝٤﴾ لا تفسد صلوته وكذا لو قرأ ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ۝٧﴾ فوقف ثم قرأ ﴿أُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ شَرُّ ٱلۡبَرِيَّةِ ۝٦﴾» اه (شاميه 1ـ ج، ص 393).

## بىرىنچى رەكئەتتە ﴿أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يَنۡهَىٰ﴾دا توختاپ، كېيىنكى رەكئەتتە ﴿عَبۡدًا إِذَا صَلَّىٰٓ﴾دىن باشلاپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: خەتمە ـ تەراۋىھتا قارى باشتىكى ئىككى رەكئەتنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە «سۈرە ئەلەق»تىن ﴿أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يَنۡهَىٰ﴾غىچە ئوقۇپ رۇكۇغا باردى ۋە سالامىمۇ بەردى. كېيىنكى ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە ﴿عَبۡدًا إِذَا صَلَّىٰٓ﴾دىن باشلاپ ئوقۇدى. بۇنىڭدا ناماز دۇرۇس بولدىمۇ؟ ئەگەر ناماز دۇرۇس بولمىسا، تۆت رەكئەتنىڭ ھەممىسى دۇرۇس بولمىدىمۇ ياكى باشتىكى ئىككى رەكئەت ۋەياكى كېيىنكى ئىككى رەكئەت دۇرۇس بولمىدىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ج: مەزكۇر مەسىلىدە ناماز دۇرۇستۇر. شەرت ۋە نەتىجە، سۈپەتلىگۈچى ۋە سۈپەتلەنگۈچى مۇناسىۋىتىدە، ئەگەر شەرتتە توختاپ نەتىجىدىن باشلىسا ياكى سۈپەتلەنگۈچىدە توختاپ سۈپەتلىگۈچىدىن باشلىسا، نامازدا فاسىدلىق كۆرۈلمەيدۇ. شۇنىڭدەك مەزكۇر مەسىلىدە پېئىل ۋە تولدۇرغۇچىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش بىلەنمۇ نامازدا فاسىدلىق كۆرۈلمەيدۇ. قال فى البزازية «الإبتداء ان كان لا يغير المعنى تغيرا فاحشا لا يفسد نحو الوقف على الشرط قبل الجزاء والإبتداء بالجزاء وكذا بين الصفة والموصوف وان غير المعنى نحو ﴿شَهِدَ ٱللَّهُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ﴾ ثم ابتدأ ﴿بإلَّا هُوَ﴾ لا يفسد عند عامة المشائخ» (شامية 1ـ ج، ص 467).

## سەكسەن ساھابىدىن «ئىمامغا ئىقتىدا قىلـ ـغانلارنىڭ قىرائەت قىلىشى»نىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى نەقلى قىلىندى

س: ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ قىرائەت قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

ج: ھەنەفىييە مەزھىبىدە ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ قىرائەت قىلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ﴿وَإِذَا قُرِئَ ٱلۡقُرۡءَانُ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥ وَأَنصِتُواْ﴾. ئىككىنچى دەلىل شۇكى، سەھىـ ـھۇلمۇسلىمنىڭ رىۋايىتى: «واذا قرأ فانصتوا» (الحديث). ئۈچىنچى دەلىل شۇكى، «شامي»دا خەزائىننىڭ ھاۋالىسى بىلەن مۇنداق

نەقلى قىلىنغان: «ومنع المؤتم من القرائة مأثور عن ثمانين نفرا من كبار الصحابة منهم المرتضى والعبادلة وقد دوَّن اهل الحديث اسـاميهم» اه (شامي 1ـ ج، ص 402).

## ھەر رەكئەتتە ھەرخىل سۈرىدىن ئاز ـ ئازدىن ئوقۇغانىنىڭ ھۆكمى

س: پېقىر پەيشەنبە كۈنى خۇپتەن نامىزىنى ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتلىرىغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇپ قالدىم. ئۇ ھەر ئىككىلى رەكئەتكە ئىككى سۈرىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇدى. مەن بۇندىن بۇرۇن ئىككى رەكئەتتە ئىككى سۈرىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇش مەكرۇھ دەپ ئاڭلىغان، بەلكى سۈرىنى بىر پۈتۈن ئوقۇش مۇناسىب ئىكەندۇق؟

ج: «سۈرە فاتىھە»دىن كېيىن پۈتۈن سۈرە ئوقۇش ئەۋزەلـ ـدۇر، لېكىن مەزكۇر ھالەتنىمۇ مەكرۇھ دېگىلى بولمايدۇ. «وكذا لو قرأ فى الاولى من وسط سورة اومن اولها ثم قرأ فى الثانية من وسـط سورة اخرى اومن اولها اوسورة قصيرة. الاصح انه لا يكره، لكن الاولى ان لا يفعل من غير ضرورة» اه (رد المحتار 1ـ ج، ص 510).

## بالىغە ئايالنىڭ جەھرەن قىرائەت قىلىشىنىڭ ھۆكمى

س: «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان بالىغە ئايال پەرز نامازدا جەھرى تىلاۋەت قىلالامدۇ؟



ج: بالىغەنىڭ نامازدا جەھرى قىرائەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىمۇ بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدا ئەۋرەتتۇر. «وعلى هذا لو قيل اذا جهرت بالقرائة فى الصلوة فسدت كان متجها لكن بناء على الراجح». اه (شامى 1ـ ج، ص 377). لېكىن، ناماز فاسىد بولمايدۇ.

## ﴿لَا يَتَمَنَّوۡنَهُۥٓ﴾نىڭ ئورنىدا ﴿وَلَنْ يَّتَمَنَّوْهُ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: ئىمام «سۈرە جۇمە»دە ﴿وَلَا يَتَمَنَّوۡنَهُۥٓ أَبَدَۢا﴾ ئوقۇيدىغان يەردە ﴿وَلَنْ يَّتَمَنَّوْهُ﴾ ئوقۇسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: مەزكۇر ئۆزگىرىش بىلەن ناماز فاسىد بولمايدۇ. شۇڭا، ناماز يەنىلا دۇرۇس بولىدۇ. قايتا ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## گاس ـ گاچا نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

س: گاس ـ گاچا ئاڭلىيالمايدىغان ھەم سۆزلىيەلـ ـمەيدىغان تۇرسا، نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟

ج: گاس ـ گاچا نامازنىڭ ھەممە رۇكنىلىرىنى بەجا كەلـ ـتۈرىدۇ. تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش زۆرۈر ئەمەس. ئۇنىڭغا

تەكبىر تەھرىمىدە نىيەت قىلىشلا كۇپايە. «ولا يلزم الاخرس تحريك لسانه وكذا الامي بل يكتفيان بمجرد النية على الصحيح» اه (مراقى الفلاح ص 119).

## «قۇرئان كەرىم»نى ئۇۋەتتىكى تەرتىپكە قەستەن خىلاپ ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

س: بىرسى پەرز نامازدا بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە بەييىنە»نىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئوقۇدى، ئىككىنچى رەكئەتتە «سۈرە ئىنشىراھ»نى ئوقۇدى، بۇ ناماز دۇرۇس بوپتىمۇ؟

ج: تەرتىپكە قەستەن خىلاپ ئوقۇش مەكرۇھ. لېكىن، ناماز دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ئېسىدە بولمىغان ئەھۋالدا مەكرۇھمۇ بولمايدۇ. «افاد ان التنكيس اوالفصل بالقصيرة انما يكره اذا كان عن قصد فلو سهوا فلا كما في شرح المنية» اه (شامى 1-ج، ص 571).

## «سۈرە فاتىھە»دە ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾نى تەرك ئەتكەندىكى نامازنىڭ ھۆكمى

س: بىرسى نامازدا «سۈرە فاتىھە»دىكى ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾نى تەرك ئېتىپتۇ، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس بولامدۇ؟ سەھۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىبمۇ؟



ج: ناماز دۇرۇس بولىدۇ. سەھۋەنلىك سەجدىسىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. «ولها واجبات. . . وهي. . قرائة فاتحة الكتاب فيسجد للسهو بترك اكثرها لا اقلها» اه (در مختار على الشامية 1-ج، ص 426).

## بىر رەكئەتنى بىر خىل قىرائەتتە، يەنە بىر رەكئەتنى يەنە بىر خىل قىرائەتتە ئوقۇغاننىڭ ھۆكمى

س: جەريان مۇنداق: بىر كۈنى ئۇستازلاردىن بىرى: «بۈگۈن ئاخشام خۇپتەن نامىزىنى ھەفسنىڭ رىۋايىتىدىن باشقا رىۋايەتتە ئوقۇسۇن»، دېدى. پېقىر بىر مەسجىدنىڭ ئىمامى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇپتەننىڭ بىرىنچى رەكئىتىنى ۋەرشنىڭ رىۋايىتىدە، ئىككىنچى رەكئىتىنى خەللادنىڭ رىۋايىتىدە ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن بىر قىسىم ئۇستازلار «بۇ ناماز بولمىدى»، دەپ پەتىۋا بەردى. پېقىر ھەپتىنىڭ ھەركۈنى بىردىن رىۋايەتتە ئوقۇپ ئون رىۋايەتتە ئون قىرائەت بىلەن ناماز ئوقۇتۇپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ قىرائەتنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ھەفسنىڭ قىرائىتىمۇ بار ئىدى. ئەلھاسىل بۇ ناماز دۇرۇس بوپتىمۇ؟

ج: مەزكۇر مەسىلىدە ناماز دۇرۇس بولىدۇ. قايتا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دېمەك، مۇتەۋاتىر رىۋايەتلا بولسا، ناماز دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، غېرىب ۋە تونۇشلۇقى تۆۋەن رىۋايەتلەرنى نامازدا ئوقۇش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىرائەتلەر ئاۋامغا مەلۇم بولمايلا قالماستىن، بەلكى بەزى خاۋاسلارغىمۇ مەلۇم ئەمەس.

1) «ويجوز بالروايات السبع، لكن الاولى ان لا يقرأ بالغريبة عند العوام صيانة لدينهم اه. (در مختار) (قوله بالغريبة) أي بالروايات الغريبة والامالات لان بعض السفهآء يقولون ما لا يعلمون فيقعون فى الاثم والشقاء ولا ينبغى للائمة ان يحملوا العوام على ما فيه نقصان دينهم ولا يقرأ عندهم مثل قرائة ابى جعفر وابن عامر وعلى بن حمزة والكسائى صيانة لدينهم فلعلهم يستخفون اويضحكون وان كان كل القرآآت صحيحة فصيحة ومشائخنا اختاروا قرائة ابى عمرو وحفص عن عاصم» اه (شامية1ـ ج، ص 505).

2) «قرائة القرآن بالقرائة السبع والروايات كلها جائزة لكن ارى الصواب ان لا يقرأ بالقرائة العجيبة والروايات الغريبة لان بعض السفهآء ربما يقعون فى الاثم ويقولون ما لا يعلمون ولا ينبغى للامام ان يحمل العوام على ما فيه نقصان دينهم ودنياهم وهو حرمان ثوابهم فى عقباهم ولا يقرأ على رؤس العوام والجهال واهل القرى والجبال مثل قرائة ابى جعفر المدنى وابن عامر وعلى وحمزة والكسائى صيانة لدينهم فلعلهم يستخفون ويضحكون وان كان كلها صحيحة طيبة ومشائخنا اختاروا قرائة ابى عمرو وحفص عن عاصم انتهى ذكر ذلك كله فى التتارخانية» اه (كبيرى ص 459).

## ﴿لِيَفْجُرَ أَمَامَهُ﴾نى «لِيُفْجِرَ» ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: بىرەيلەن ئىمامлىق قىلىپ ئۆتتۈمسىز پېئىل بولۇپ كەلگەن ﴿لِيَفْجُرَ أَمَامَهُ﴾نى ئۆتتۈملۈك پېئىل قىلىپ «لِيُفْجِرَ» دەپ «ي»



ھەرپىنى پەشلىك ئوقۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ناماز دۇرۇس بوپتىمۇ؟

ج: ناماز دۇرۇس بوپتۇ. «اِفعال» بابىمۇ ئۆتتۈمسىز بولۇپ كېلەلەيدۇ.

## بىرىنچى رەكئەتتىن باشقا رەكئەتلەردىمۇ نېمە ئۈچۈن «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دېيىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

س: بىر كۈنى بىرسىنىڭ كۆڭلىگە مۇنداق خىيال كېچىپ قاپتۇ: «قۇرئان كەرىم» باشلاشتىن ئىلگىرى «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دېيىش سۈننەت ئىكەن، يەنى بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دېگەندەك ھەر رەكئەتنىڭ بېشىدىمۇ دېيىسە بولغىدەك؟

ج: قىرائەتنىڭ بېشىدا ۋەسۋەسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دەيدۇ. ئەگەر بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە فاتىھە»دىن ئىلگىرى «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» دېسە، ئۇنىڭ كەينىدىن قانچە كۆپ قىرائەت قىلسىمۇ (ئۇ كېيىنكى رەكئەت بولسىمۇ مەيلى)، شۇ بىر قېتىم دېگەن «أَعُوْذُ بِاللّٰهِ» كۇپايە. (قوله ولا يتعوذ) «لانه شرع فى اول القرآن لدفع الوسوسة فلا يتكرر الا بتبدل المجلس كما لو تعوذ وقرأ ثم سكت قليلا وقرأ» اه (بحر الرائق 2ـ ج، ص 241).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



## نامازدا سەھۋەن تەرتىپكە خىلاپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: نامازدا تەرتىپ بويىچە قىرائەت قىلىش پەرزمۇ، ۋاجىبمۇ، سۈننەتمۇ؟ ئەگەر تەرتىپسىز قىرائەت قىلسا، مەسىلەن: «سۈرە ناس»نى ئالدىدا ۋە «سۈرە فەلەق»نى كەينىدە ئوقۇسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: تەرتىپكە قەستەن خىلاپ ئوقۇش مەكرۇھ. شۇنداق ئوقۇش ئەگەر سەھۋەنلىك بىلەن بولسا، ھېچقانداق كاراھەت يوق. بىرىنچى رەكئەتتە «سۈرە ناس» ئوقۇسا، ئىككىنچى رەكئەتتىمۇ شۇ سۈرىنى ئوقۇش لازىم. «ويكره الفصل بسورة قصيرة وان يقرأ منكوسا الا اذا ختم القران (در مختار) قوله منكوسا بان يقرأ فى الثانية سورة اعلى مما قرأ فى الاولى لان ترتيب السور فى القراءة من واجبات التلاوة» (شامى 1ـ ج، ص 510). «قال فى الفتح قرأ فى الاولى ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١﴾ يقرأ فى الثانية هذه ايضا» اه (فتح القدير 1ـ ج، ص 243).

## ﴿يسٓ ۝١﴾دىن ﴿ٱلْمُرْسَلِينَ﴾غىچە ئوقۇش بىلەن ۋاجىب قىرائەت ئادا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

س: پەرز نامازنىڭ بىر رەكئىتىگە ﴿يسٓ ۝١ وَٱلْقُرْءَانِ ٱلْحَكِيمِ ۝٢ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝٣﴾دىن ئىبارەت ئۈچ ئايەت ئوقۇلسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ①؟

① مۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب ﴿يسٓ﴾دا ئوخشىمايدىغان قاراشلار مەۋجۇد.



ج: ئەگەر «سۈرە فاتىھە»دىن كېيىن ﴿ٱلْمُرْسَلِينَ﴾غىچە ئوقۇلسا، بەزى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدا ناماز دۇرۇس بولىدۇ. «فمع عدم وجوده يعمل باطلاق عبارة الحلبى من الاكتفاء بالاية التى بلغت ثمانية عشر حرفا لاقامة واجب القرائة» اه (تقريرات رافعى 1ـ ج، ص 57). لېكىن، ناماز ئىشىدا مۇشۇنىڭغىلا ئىسلىۋالماسلىق لازىم.

## ﴿أَحَدُۢ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

س: سورالغان مەسىلە شۇكى، ﴿قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ۝١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ۝٢﴾تە ئەگەر ﴿ٱللَّهُ﴾ دېگەن لەۋزىنىڭ ئالدىغا «ن» قوشۇپ ئوقۇلسا، دۇرۇس بولامدۇ؟ بۇنىڭدا نامازغا نۇقسان يېتەمدۇ؟

ج: بۇنداق ئوقۇش دۇرۇس. بۇنىڭ بىلەن نامازغا ھېچقانداق نۇقسان يەتمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

## ﴿أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا۟﴾نى ﴿لِيَرَوْا۟﴾ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

س: ﴿أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا۟﴾ ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ﴿أَشْتَاتًا لِّيَرَوْا۟﴾ دەپ ئوقۇپ سالسا ياكى ﴿لَهَبٍ﴾ ئوقۇشنىڭ ئورنىغا «لَعَب» دەپ ئوقۇپ سالسا ياكى ﴿أَغْنَىٰ﴾ ئوقۇشنىڭ ئورنىغا «اَضْنٰى» ئوقۇپ سالسا، ناماز دۇرۇس بولامدۇ؟

ج: مەزكۇر مەسىلىلەردە ناماز دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن، ئىمامنىڭ سۈرىگە خاملىق تەرىپى بولسا، بىرەر قارىغا ئالدىن تىڭشىتىپ ئاندىن ئىمام بولۇشى زۆرۈر. ئاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممە يېرىنى توغرا ئوقۇشقا تىرىششى لازىم.

**﴿رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١ ‹نَ› ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دەپ ئوقۇشنىڭ ھۆكمى**

س: نامازدا ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ١ ‹نَ›ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دەپ ئوقۇسا، ناماز فاسىد بولامدۇ؟

ج: ناماز فاسىد بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئەمەل قىرائەت ئېتىبارى بىلەن دۇرۇس ئەمەس. ئىمام بۇنداق ئوقۇش ئادىتىنى تەرك ئەتكەي. ﴿ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾دە ۋەقفە قىلغاندىن كېيىن، «ن»نى ﴿ ٱلرَّحۡمَٰنِ﴾غا ئۇلىماسلىق لازىم. بەلكى «ن»نى قوشماستىن ﴿ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ دەپ ئوقۇش لازىم. ئەگەر ﴿ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾دە ۋەقفە قىلماي ئۇلاپلا ئاخىرىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا «ن» زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ.

صَلَّى اللّٰهُ تَعَالَى عَلٰى خَيْرِ خَلْقِهٖ مُحَمَّد وَاٰلِهٖ وَاَصْحَابِهٖ اَجْمَعِيْنَ.

ئى اللّٰه! بىزنى ۋە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى ئىسلام دىنىنى سۆيىدىغان قىلغىن، قەلبلىرىمىزنى ئىسلامدىكى توغرا ئەقىدىگە مايىل قىلغىن، بىزلەرنى سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالارنىڭ يولىنى تۇتۇشقا ھىدايەت قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسى قىلغىن، ئۇلارنى قەلبلىرىمىزگە چوڭ كۆرسەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئامىن!